
بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

# خاسىيەتلىك بۇلاق

# 神泉

**Hasiyatlik bulaq**



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى

新疆电子音像出版社

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن

# خاسىيەتلىك بۇلاق

# 神泉

Hasiyatlik bulaq

تەجرىبىلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنت تەربىيەلەشتە ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى؛ راۋان تىل، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنىڭ بالىلارنىڭ قەلبىگە تېزلا ئورنىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرلۈك دەسمايىسىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. «بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى»گە خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان چۆچەكلەر بالىلارچە ساددا ۋە چۈچۈك تىلدا پىششىقلىنىپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ چۆچەكلەردە باتۇرلار ئالقىشلىنىپ، ئەقىل ئىشلىتىش، تەدبىرلىك بولۇش، ئىلىم-پەن، ھۈنەر ئۆگىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ۋاپادار بولۇش، تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى قەدىرلەش تەكىتلىنىپ، چېۋەر، ئىللىق، خۇشپىچىم بولۇشتەك ئالىيجاناب روھ مەدھىيەلىنىدۇ.

شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى
新疆碧利库特公司开发

بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى

# خاسىيەتلىك بۇلاق

# 神泉

Hasiyatlik bulaq



شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن-سىن نەشرىياتى
新疆电子音像出版社

www.uyghurkitap.com

书　　名　儿童故事
编　　写　碧利库特公
责任编辑　古丽巴哈尔，牙里坤·肉孜
责任校对　克尤木·吐尔逊
设　　计　艾尼瓦尔·吐尔逊，伊尔夏提（书法家），伊利亚尔（画家）
　　　　　马合木提江（画家）
出　　版　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　850×1168mm　1/32
印　　张　2.5
版　　次　2010年8月第1版
印　　次　2010年8月第1次印刷
书　　号　ISBN　978－7－900511－10－2
定　　价　240元（共30种类，单价8.00元）

# نەشرىياتتىن

ھەرقايسىمىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بوۋا - مومىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىز ئېيتىپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك روھىي ئوزۇق ۋە تەربىيە ئېلىپ چوڭ بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى تەربىيلەشتە، ئۇلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق چوڭ قىلىشتا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا چۆچەكتەك ئەپچىل ۋە قوللىنىشچان ئۈنۈملۈك ۋاستە بولمىسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزدە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى چۆچەك ئاڭلاشنى ۋە ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللارغا ئائىت كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى نەشر قىلىپ، كىشلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ بىلقۇت ئېلېكترون پەن-تېخنىكىسى شىركىتى خەلقىمىزنىڭ چۆچەككە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، پەرزەنتلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەك خەزىنىسىدىن خەۋەردار قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيلەش مەقسىتىدە، «بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش كىتابچىلارنى تەييارلاپ باللارغا سۇندى. بۇ كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەزىنىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم، مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان

چۆچەكلەردىن تاللىنىپ، ئۇلارنى بالىلارنىڭ تىلىغا ئايلاندۇرۇپ بىر قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىدە پايدىلىنىشىغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

«بىلقۇت بالىلار چۆچەكلىرى» — چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئايرىم - ئايرىم رەتلەنگەن بولۇپ، ھەر بىر چۆچەك مۆھتەرەم بوۋاي بىلەن ئۇنىڭ ئامراق نەۋرىسى بىلقۇتجاننىڭ قىسقا - قىسقا دىئالوگلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە باغلىنىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدۇ. چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۈچۈك، راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ باب كېلىدۇ. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى پەرزەنتلىرىنى ياراملىق تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا ۋە بىلىمگە تەشنا پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە

خاسىيەتلەر دېڭىزى ........................ 1
گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ..................... 5
قاينا چۆگۈن ............................. 23
خاسىيەتلىك تاش ......................... 30
خاسىيەتلىك قۇش ......................... 41
خاسىيەتلىك ئاق گۈل ..................... 52
خاسىيەتلىك بۇلاق ........................ 59

# خاسىيەتلەر دېڭىزى

قۇرامىغا يەتمىگەن ھەرقانداق بالىنىڭ كۆڭلى كەڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ خىل جان ـ جانىۋارلار بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خىيالىي تۇيغۇسى مانا مۇشۇ جان ـ جانىۋارلارنىڭ قانداقتۇر بىر خىسلىتى بىلەن بىرگە ياشايدۇ ۋە بۇنداق تەسەۋۋۇر ئۆز نۆۋىتىدە باللارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنىڭ يېتىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەتلىك خەلقىمىز باللارنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىپادىلەش، كەڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر بوشلۇقى ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە نۇرغۇن خاسىيەتلىك جان ـ جانىۋارلار، سېھىرلىك ۋەقەلەر ۋە خىسلەتلىك ئۆسۈملۈكلەر تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلىپ، باللارنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يۇقىرى



كۆتۈرۈشتە ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ كەلگەن.

مۆھتەرەم بوۋاي سىرلىق ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەرنىڭ باللارنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوزغاتقۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ناھايىتى بۇرۇنلا ھېس قىلىپ يەت-كەن ۋە خىزمەت، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئۇنى نۇرغۇن قېتىم سى-ناقتىن ئۆتكۈزگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ مانا مۇشۇ سېھىرلىك چۆ-چەكلەر ئارقىلىق نەۋرىسى بىلقۇتجاننى تەربىيەلەش، ئۇنىڭ تە-پەككۇرىنى قوزغىتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان ئىدى.

دۇنيا ناھايىتى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ قوينىغا بىز تەسەۋۋۇر قى-لىپ بولالمايدىغان نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان، بۇ سىرلارنى ئې-چىش، خەلقئالەمگە نامايىش قىلىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس. مۆھتەرەم بوۋاي سېھىرلىك چۆچەكلەرنى ئەستايىدىل تاللاپ، ئۇ-نى قانداق ئېيتىش، تىلنى قانداق ئىشلىتىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردى. ئاخىر بىلقۇتجاننى بۇ تېمىغا ئاستا - ئاستا يېقىنلاش-تۇرۇش قارارىغا كەلدى. بىر كۈنى بىلقۇتجان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا، بوۋىسىغا:

— بوۋا، دۇنيادا چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك سېھىرلىك نەر-سىلەر مەۋجۇتمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ ئۆزلۈكىدىنلا بۇ تېمىغا يې-قىنلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچىدە خۇشال بولۇپ كەتتى.



— ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ — دېدى مۆھتە-رەم بوۋاي خۇشاللىقىنى با-سالماي، — سەن بۇ ھەقتە نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭ؟

— مۇئەللىم بۈگۈن دەرستە دۇنيادا چۆچەكلەردە سۆزلەنگەندىكىدەك ئۇنداق خىسلەتلىك نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىيالىي نەرسىلەر، رېئاللىقتىن ئۇلارنىڭ بىرنىمۇ تېپىپ بولالمايمىز، دەپ سۆزلىدى، — دېدى بىلقۇتجان.

— راست، دۇنيادا ئۇنداق خىسلەتلىك نەرسىلەر، جان - جانىۋارلار مەۋجۇت ئەمەس، مۇئەللىمىڭ توغرا سۆزلەپتۇ.

— ئەمىسە، نېمىشقا سېھىرلىك، خىسلەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە چۆچەك شۇنچە نۇرغۇن؟ چوقۇم بۇنىڭدا بىر سەۋەب بار، — دېدى بىلقۇتجان تىرەجەپ.

— جېنىم بالام! ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسۇل. چۆچەكلەردە ئەنە شۇنداق سېھىرلىك، ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر تەسۋىرلەنمىسە، بالىلار ئۇنىڭغا قىزىقمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى بىلقۇتجان.

مۆھتەرەم بوۋاي يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەي قەدىرلىك بالام! چۆچەكلەردە كىشىلەر ئۇچار گىلەم، ياغاچ ئاتلارغا مىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇسىلا ئىدى، خالاس. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ گۈزەل



www.uyghurkitap.com



ئارزۇلار ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆكتە پەرۋاز قىلالاي-
دىغان، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بىرنەچچە سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى
بولىدىغان ئايروپىلان بار بولدى. چۆچەكلەردە جاھاننەمادا خالىغان
يەرنى كۆرەلەيدىغان مەلىكە، شاھزادىلەر تەسۋىرلىنەتتى، بۈگۈنكى
كۈندە سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى دەل مانا
مۇشۇ تەسەۋۋۇرنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. بىر كېچىدە نەچچە
كۈنلۈك يول باسالايدىغان تۇلپارلار موتوسىكلىت ياكى پىكاپلار
شۇ. ئەمەلىيەتتە، گۈزەل ئارزۇلار ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى غى-
دىقلاپ، تەسەۋۋۇر كۈچىنى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، خىيا-
لىي، ئەمەلگە ئاشمايدۇ دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئە-
مەلگە ئاشىدۇ. مانا بۇ خاسىيەتلىك بۇيۇملار، خىسلەتلىك نەرسى-
لەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بالىلارغا بېرىدىغان ئىجابىي تە-
سىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا، مەن ساڭا مانا مۇشۇ سېھىرلىك چۆ-
چەكلەردىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېيتىپ بەرمەكچىمەن.

بىلقۇتجان قەۋەتلا خۇش بولۇپ:

— بوۋا، مەن چوقۇم دىققەت قىلىپ ئاڭلايمەن! — دېدى.


مۆھتەرەم بوۋاي ئامراق نەۋرىسىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق
بىلەن سىلىغىنىچە، گۆھەر
تۇغىدىغان توخۇ ھەققىدىكى
چۆچىكنى ئېيتىشقا باش-
لىدى.



# گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

ئوتۇنچى بىر كۈنى جاڭگالدا ئوتۇن كېسىۋاتسا، ئالدىدىن بىر توخۇ چىقىپ قاقاقلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى ئالدىغا قارىسا، بىر توخۇنىڭ ئۇۋىسى تۇرۇپتۇ، ئۇۋىدا بىر تۇخۇم يالتىراپ تۇرغان. ئوتۇنچى ھېلىقى تۇخۇمنى ئېلىپ، قوينىغا ساپتۇ - دە، ئوتۇنلىرىنى ئېشىكىگە ئارتىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئوتۇننى سېتىپ، پۇلىغا تۆت نان ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، كۆزى بىر دوكانىنىڭ ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان ئالتۇن قەپەسكە چۈشۈپتۇ. ئوتۇنچى ھېلىقى قەپەسكە زەن قويۇپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بىر تۇخۇم يالتىراپ تۇرغۇدەك. ئۇ ئىچىدە: ئەجەب مېنىڭ تۇخۇمۇمغا ئوخشايدىكىنا دەپ، بىر قوينىدىكى تۇخۇمغا، بىر قەپەستىكى تۇخۇمغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قەپەسنىڭ ئىگىسى:



— ھە، نېمىشقا قە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەسنى بويلاپ قالدىڭ؟ ئوغرىمۇ سەن؟ كەت نېرى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— يوغسۇ بايۋەچچە، — دەپتۇ ئوتۇنچى، — قەپەسنىڭ ئىچىدىكى تۇخۇم مېنىڭ تۇخۇمۇمغا ئوخشاش تۇرىدۇ، سىلىشتۇرۇپ بېقىۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان بايۋەچچە ھەيران بولۇپ:

— قېنى ئېلىپ باقە، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

ئوتۇنچى كۆرسىتىپتۇ. بايۋەچچە شۇ يەردىلا ئوتۇنچىغا خۇشامەت قىلىپ، ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ.

— بۇنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ، — دەپ يېپىشىۋاپتۇ بايۋەچچە.

— بوپتۇ، ساتسام ساتاي، — دەپتۇ ئوتۇنچى.

— قانچە بېرەي؟

— ئۆزىڭىز بىلىپ بېرىڭ.


— مىڭ تەڭگە بەرسەم قانداق؟

ئوتۇنچى ھەيران بولۇپ:

— ئادەمنى زاڭلىق قىلماڭ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

بايۋەچچە ئۆز كۆڭلىدە: بەلكى بۇنى ئاز دەۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— بوپتۇ، بىر يېرىم مىڭ تەڭگە بېرەي، — دەپتۇ.



— زاڭلىق قىلماڭ، — دەپتۇ تۇخۇمنىڭ سىرىنى بىلمىگەن ئوتۇنچى، — راست ئالىدىغان ئىشىڭىز بولسا، ئۆزىنىڭ باھاسىنىلا ئېيتىڭ.

بايۋەچچە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئىككى مىڭ تەڭگىگە چىقىپتۇ. ھەيران بولغان ئوتۇنچى:

— قېنى ئەكىلىڭ پۇلىڭىزنى، — دەپتۇ.

بايۋەچچە دەرھال ئىككى مىڭ تەڭگىنى ساناپ بېرىپ، ئوتۇننى يولغا ساپتۇ. بايۋەچچە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپتۇ. سەۋەبى، بايا ئۇ تۇخۇم ئەمەس، بەلكى گۆھەر سېتىۋالغانىكەن.

ئوتۇنچى ئۆيىگە بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپ، ئىككى مىڭ تەڭگىنى يانچۇقىدىن چىقارغاندا، خوتۇنى ھەيران بولۇپ:

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئوتۇنچىلىقنى تاشلاپ، ھەر كۈنى شۇ تۇخۇمدىن ئەكىلىپ ساتسىلا، پات ئارىدا باي بولۇپ كېتىدىمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتى بىلەن ئوتۇنچى ھەر كۈنى جاڭگالغا بېرىپ، ھېلىقى گۆھەر تۇخۇمدىن بىرنى ئەكىلىپ سېتىپ ئۆزۈن ئۆتمەي ناھايىتى باي بولۇپ كېتىپتۇ.



بىر كۈنى خوتۇنى مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەمدى ھەر كۈنى گۆھەر تۇخۇم ئەكىلمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەپ ئاۋارە بولغۇچە، شۇ توخۇنىڭ ئۆزىنىلا تۇتۇپ ئەكەلسىلە، ئۆيدە تۇغدۇرايلى.

ئوتۇنچى خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، جاڭگالدىن ھېلىقى توخۇنى تۇتۇپ ئۆيگە ئەكەپتۇ. توخۇ ھەر كۈنى ئۆيدە بىردىن گۆھەر تۇغۇۋېرىپتۇ.

ھەر كۈنى گۆھەرنى سېتىۋېلىپ تۇرغان بايۋەچچە ئوتۇنچىنىڭ بۇ سىرىنى بىلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىرى ئوتۇنچىنىڭ گۆھەر تۇغىدىغان توخۇسى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش قەستىدە بوپتۇ. بايۋەچچە بىر كىتابتىن: «كىمكى گۆھەر تۇغىدىغان توخۇنىڭ بېشىنى يېسە پادىشاھ، قانىتىنى يېسە ۋەزىر بولىدۇ» دېگەن گەپنى كۆرگەنىكەن.

بايۋەچچە شۇ توخۇنى يېيىش ئۈچۈن ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ياش ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلى كۆپىيىپ، قېرى ئوتۇنچىدىن كۆرە ياش يىگىتلەر بىلەن كەيپ - ساپا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن. خوتۇنىنىڭ بۇ نىيىتى بايۋەچچىگە تازا ئەپ كەپتۇ. ئاخىر بايۋەچچە بۇ خوتۇن بىلەن يېقىنلىشىپتۇ، لېكىن ئوتۇنچىنىڭ ئۆيدە بولۇشى بايۋەچچىنىڭ ھېلىقى توخۇنى يېيىش قەستىگە يار بەرمەپتۇ.



بىر كۈنى ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بايۋەچچىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئېرىگە:

— ئەمدى، تەڭرى

شۇنچە كۆپ دۇنيا بەرگەندىن كېيىن شۇنىڭ شۇكرانىسىغا بىر ھەج قىلىپ كەلسىلە، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئوتتۇنچى ئويلاپ قارىغۇدەك بولسا، خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتى دۇرۇس. ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي جابدۇنۇپ ھەرەمگە كېتىپتۇ. ھىيلىگەر بايۋەچچە بىلەن خوتۇن ئۆچچە قالغاندىن كېيىن، خالىغىنىنى قىلىشقا باشلاپتۇ.

بايۋەچچە بىر كۈنى بۇ خوتۇنغا:

ــ ئەگەر مېنى رازى قىلىمەن، ئۆمۈرلۈك ئاشنا قىلىمەن دېسىڭىز توخۇيىڭىزنى سويۇپ، بېشى بىلەن قانىتىنى ماڭا يېگۈزۈڭ. ئەگەر ماقۇل بولمىسىڭىز، ماڭا قىلمايسىز، ئۆزىڭىزگە قىلىسىز، ــ دەپ قورقۇتۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن ئالدىدا غەمگە پېتىپتۇ: بۇ شەرتنى ئورۇنداش قىيىن، ئورۇندىماسلىق ئاندىن قىيىن. ئاخىر بايۋەچچىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، «مەيلى ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈرەي، دۇنيامۇ كۆپىيىپ قالدىغۇ» دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، توخۇنى سويۇپ، بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئېرى ھەرەمگە كەتكەندىن كېيىن بىر



قولمۇ سېتىۋالغانىكەن. ئۇ توخۇنى قازانغا سېلىپ، قولغا ئوت قالىغۇزۇپ، ئۆزى سارايدا بوپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، ئىككى بالىسى مەك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەپتىن قايتىپ كەلسە، قازاندا بىر نەرسە قايناۋاتقان، قورسىقى ئېچىپ تۇرغان باللار تۇۋاقنى ئېچىپ قارىسا، قازاندا توخۇ گۆشى تۇرغان. دەررۇ توخۇنىڭ بېشىنى، ئۇڭ قانىتىنى يەپتۇ، سول قانىتىنى بولسا قۇلغا بېرىپتۇ.


بىر چاغدا خوتۇن چىقىپ قازاندا قالغان گۆشلەرنى تاۋاققا ئېلىپ، بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. بايۋەچچە قارىسا توخۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتى يوق. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— قېنى بۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتى؟! بېشى بىلەن قانىتى بولمىسا، نېمە قىلىمەن بۇنى؟! ئاچىقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

ھەيران بولغان خوتۇن دەررۇ چىقىپ قۇلدىن سوراپتۇ. ئۇ:

— يېڭىراقتا ئىككى ئوغۇللىرى كېلىپ بېشى بىلەن قانىتىنى يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇنى ئۇققان بايۋەچچە بەك تېرىكىپتۇ. كېيىن ئۆز - ئۆزىگە: «توختا، كىتابتا ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، شۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتىنى يېگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يېسىمۇ بولىدۇ. دېگەنىكەن. ھېلىمۇ بولسا شۇنداق قىلاي» دەپتۇ - دە، خوتۇنىغا:



— ئۇنداق بولسا شۇ ئىككى بالىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ماڭا يېگۈزۈڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز چاتاق، — دەپ شەرت قويۇپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان

خوتۇن ئاخىر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپتۇ. دەررۇ قۇلغا:

— سەن بېرىپ، ئىككى بالامنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چۆلگە ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئېلىپ كەل. ئەگەر مۇشۇ ئىشنى ئورۇندىساڭ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ.

قۇل «ماقۇل» دەپ، ئىككى بالىنى باشلاپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چۆللۈككە ئاپىرىپتۇ، باللار ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بىزنى نەگە ئاپىرىسەن؟ نېمە قىلىسەن؟

قۇل باللارغا ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ شۇ يەردە كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئىچىدە: بۇ باللاردا نېمە گۇناھ بار؟ مەيلى، قۇللۇقتىن ئازاد قىلمىسىمۇ قىلمىسۇن، ئۆلتۈرسىمۇ مېنى ئۆلتۈرسۇن، بۇ ياش باللار كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن، دەپ ئويلاپتۇ-دە، كۆڭلىدىكىنى باللارغا ئېيتىپتۇ. باللار:

— ئۇنداق بولسا، سەنمۇ بىكار-دىن-بىكار ئۆلۈپ كەتمە، ئىككى كۈچۈك تاپايلى، شۇنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئاپىرىپ بەرسەڭ، سەنمۇ قۇتۇلىسەن، — دەپتۇ.



قۇلمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئۇچەيلەن ئىككى كۈچۈكنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، قۇل ئىككى كۈچۈكنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىككى بالا: «بىز ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆيىمىزنى ئۇنتايلى، مۇشۇ كۆرۈنگەن تاغقا قاراپ ماڭايلى، باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ جېنىمىزنى جان ئېتەيلى» دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، چۆللۈكلەرنى بېسىپ نەچچە تاغلارنى ئېشىپ، ئىككى ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختاپتۇ. قارىسا بىر يولدا «بارسا كېلەر»، يەنە بىرسىدە «بارسا كەلمەس» دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي تۇرغۇ- دەك. ھەر ئىككىسى بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى دېيىشىپ، كىچىكى «بارسا كەلمەس»، چوڭى «بارسا كېلەر» دېگەن يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

ئاكىسى بىر قانچە ئاي جاپالىق يوللارنى بېسىپ، بىر شە- ھەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، شەھەردە ئادەم دىدارى يوق، ھەممىلا ئادەم شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن بالىمۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ. ئەتراپقا نەزەر سالسا، كەڭ تۈزلەڭلىكتە مىغ ـ مىغ ئادەم ئاسمان- غا قارىشىپ تۇرغان. بالا ئاسمانغا قارىسا، بىر قۇش ئادەملەرنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. ئادەملەرنىڭ بەزىسى قوللى- رىدا ئۆپكە، بېغىرغا ئوخ- شاش نەرسىلەرنى پۇلاڭلى- تىپ، قۇشقا قاراپ «يەھ ـ يەھ» دېيىشىۋاتقان. بالا ھەيران بولۇپ، سۈرۈشتۈرۈپ بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى



چۈشىنىپتۇ: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى يېقىندا ئۆلگەنىكەن، لېكىن ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرمۇ پەرزەنتى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ ئۆلەر ۋاقتىدا: «سارىيىمدىكى بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇڭلار، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشاھ بولسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. بۈگۈن بولسا پادىشاھنىڭ شۇ ۋەسىيىتى بويىچە قۇشنى ئۇچۇرۇپ، ھەر كىم ئۆز بەختىنى سىناش ئۈچۈن بۇياققا چىققانىكەن.

بالا بىر چاغدا ئاسمانغا قارىسا قۇش ئۇنىڭغا قاراپ شۇڭغۇپ كېلىۋاتقان. ئادەملەر قۇشنى نەگە قوناركىن دەپ، كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇش شۇڭغۇپ كەلگەن پېتى بالىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بالا «پادىشاھلىقنى مەن قىلماي» دەپ قۇشنى بېشىدىن ئېلىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. باشقىلار بالىغا ھەيران بوپتۇ. ھېلىقى قۇش ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا يەنە قونۇپتۇ. بالا يەنە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە كېلىپ قونغاندا، كىشىلەر بالىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي پادىشاھلىققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. بىز ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ ئىنىسىدىن ئاڭلايلى:



ئىنىسى ھېلىقى «بارسا كەلمەس» يولغا مېڭىپ، ئاۋۋال قېلىن بىر جاڭگالغا كىرىپتۇ، ئۇنىڭدىن چىقىپ بىر قۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇنچلۇق تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ ئال-دىدىلا بىر يەردىن قىپقىزىل ئوت كۆتۈرۈلۈپ، كېيىن شۇ ئوت چىققان يەردىن بىر نەرسە ئۇنى دەم تارتىپتۇ. بالا بوراندا ئۇچقان قامغاقتەك دومىلاپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئېسىدە-نى يىغىپ شۇنداق قارىسا، ئالدىدا بېشى داش قازاندەك، يوغانلىقى قېرى توغراقتەك، ئۇزۇنلۇقى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان بىر ئەج-دىھا تۇرغىدەك. ئەجدىھا شۇ زامان قوزغىلىپ، تاغ باغرىدىكى ئۆيدەك بىر تاشنى يۆتكىگەنىكەن، ئۇ يەردىن بىر غار ئېچىلىپتۇ، ئەجدىھا بالىنى ھەيدەپ غارنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپتۇ. بالا كىرىپ قارىسا، غارنىڭ ئىچى تۈرلۈك جان - جانىۋار ۋە ئادەملەر بىلەن تولغان. ئەسلىدە بۇلار ئەجدىھانىڭ يەيدىغان ئوزۇقلىرى ئىكەن. ئەجدىھا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوۋغا چىقىپ يۈزلەپ جان - جا-نىۋارلارنى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنى دەم تارتىپ، مۇشۇ يەرگە ئەكىرىدىكەن. قورسىقى ئاچقاندا بولسا بىر چەتتىن كاۋاپ قىلىپ يەيدىكەن. بالا بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا خەنجىرى بارىكەن. ئۇ خەنجەر بىلەن غارنىڭ بىر چېتىنى تېشىشكە باشلاپتۇ.

بىر چاغدا ئەجدىھا غار-نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئون غۇلاچ كېلىدىغان تۆمۈر زىخنى غارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئىلىنغاننى زىخقا سانجىپ، كاۋاپ قىلىپ



يېگىلى تۇرۇپتۇ. بالا ئادەملەر بىلەن بىللە غارنىڭ ئەڭ چەت بۇ-لۇڭىغا بېرىۋاپتۇ. ئەجدىھا بىر نۆۋەتتە بەش - ئالتە قېتىم شۇنداق قىلىپ كاۋاپقا تويغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئاغزىنى ھېلى-قى يوغان تاش بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئۆزى شۇ تاشقا بېشىنى قو-يۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەجدىھا بىر ئۇخلىغاندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. بالا ئەجدىھانىڭ ئۇخلىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غارنى تېشىشنى داۋام قىلىپتۇ. ئىككى كېچە - كۈندۈز دېگەندە ئاران ئادەم پاتقۇ-دەك تۆشۈكنى تېشىپ، سىرتقا چىقىپ قارىسا، ئەجدىھا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەن. بىر تەرەپكە قارىسا، ئەجدىھانىڭ كاۋاپ پى-شۇرىدىغان زىخى ئوتتا قىپقىزىل بولۇپ تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. بالا چەبدەسلىك بىلەن ھېلىقى زىخنىڭ سېپىدىن تۇتۇپ، ئوتتىن كۆتۈرۈۋېلىپ، ئەجدىھانىڭ مېڭىسىگە تىققانىكەن، ئەجدىھانىڭ مېڭىسى ۋاژ - ۋۇژ قىلىپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئەجدىھا جان ئاچ-چىقىدا بىر تولغىنىپتۇ - دە، ھايال قالماي ئۆلۈپتۇ. بالا غار ئى-چىدىكى ئادەملەرنى ۋە جان - جانىۋارلارنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

بالا يەنە يولغا راۋان بولۇپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا ئالدىغا ئۈچ قاراقچى ئۇچراپتۇ. ئۇلار بىر پادىشاھنىڭ كۆھىقاپتىن ئالدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئېسىل نەرسىسىنى بۇلىغا-نىكەن. ئۇنىڭ بىرسى ئۇ-چىدىغان گىلەم، يەنە بىرسى




مىنسە دۇلدۇل، دەرياغا قويسا كۆۋرۈك بولىدىغان ھاسا، يەنە بىرسى تۇماق بولۇپ، كىمكى ئۇنى كىيىۋالسا ھېچكىمگە كۆرۈن-مەيدىكەن. ئۈچ قاراقچى بۇ نەرسىلەرنى بۆلۈشەلمەي دە تالاشتا تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان بالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى نەرسىلەرنى بۆلۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بالا رازىلىق بې-رىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىرسىڭلار ماڭا ئوقيارىڭلارنى بېرىڭلار، مەن ئۈچ تەرەپكە قارىتىپ ئۈچ ئوق ئۈزىمەن، ھەر بىرىڭلار بىرىنى تېپىپ كېلى-سىلەر، كىم بۇرۇن تېپىپ كەلسە، گىلەمنى شۇ ئالىدۇ. ئىككىن-چى قېتىم تېپىپ كەلگىنى ھاسىنى، ئۈچىنچى قېتىم تېپىپ كەلگىنى تۇماقنى ئالسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ قاراقچىلار.

بالا ئوقيانى ئېلىپ ئۈچ تەرەپكە قارىتىپ ئۈچ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئۈچ قاراقچى ئوققا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. بالا شۇ زامان ھې-لىقى تۇماقنى باشقا كىيىپ، ھاسىنى قولغا ئېلىپ، گىلەمگە چۈشۈپ «ئۇچ گىلەم» دەپتۇ. گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۈچ قاراقچى لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.



بالا ئۇچۇپ بىر يەرگە كېلىپ تۆۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، چىرايلىق بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. بالىنىڭ مۇشۇ باغدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام

ئالغۇسى كەپتۇ ـ دە، «چۇش گىلەم!» دەپتۇ، گىلەم باغ ئىچىدىكى بىر چىمەنزارلىققا چۈشۈپتۇ.

بۇ باغ مۇشۇ يۇرتتىكى پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان جايى ئىكەن. شۇ كۈنى باغقا پادىشاھنىڭ قىزى سەيلىگە چىققانىكەن. بالىنىڭ گىلەم بىلەن بۇ يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈشى مەلىكىنىڭ كېنىزەكلىرىنى مېۋە ئۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھېلىقى چىمەنزارلىققا كېلىپ تۇرۇشىغا توغرا كەپتۇ. مەلىكە بۇ گىلەمنىڭ كاراماتىگە ھەيران بوپتۇ. ئىشقىلىپ مۇشۇ گىلەمنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، دەررۇ ئۆزىنى بالىغا ئاشىق قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. تۈرلۈك شېرىن سۆزلەر بىلەن بالىنى ئالداشقا باشلاپتۇ. ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس مەلىكىنىڭ تۈرلۈك شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىگە ئىشەنگەن بالا ئۇنى ئۆزىنىڭ يارى قىلىش قارارىغا كەپتۇ، بالىنى ئالدىيالىغىنىغا خوشال بولغان مەلىكە بۇ گىلەمنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپ: «گىلەمنى بۇ يەردىلا ئېلىۋالغىلى بولماس، بالا بىلەن گىلەمگە ئولتۇرۇپ بىر چۆللۈككە باراي، شۇ يەردە بالىنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم گىلەمگە ئولتۇراي ـ دە، ئۇچۇپ ئۆيۈمگە راۋان بولاي، دەپ ئويلاپتۇ.



— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىللە ئۇچۇپ چىقىپ، چەت ـ ياقىلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




سەيلى قىلىپ كېلەيلى، — دەپتۇ قىز.

مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى ھىيلىنى ئۇقمىغان بالا:

— بوپتۇ ئولتۇرۇڭ، سىزنى ئوينىتىپ كېلەي، — دەپ مەلىكىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ بىر دەمدىلا بىر چۆل - جەزىرىگە بېرىپ قاپتۇ. بالا ئاۋۋال گىلەمدىن چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىستراھەتكە ئولتۇرۇپ قالغىنىدىن پايدىلىنىپ، مەلىكە «ئۇچ گىلەم!» دەپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۆيگە راۋان بوپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بالا دەررۇ ھېلىقى تۇمىقىنى كىيىپ، ھاسىنى دۇلدۇل قىلىپ مىنىپ ئارقىدىن قوغلاپتۇ. قىزمۇ ئۆيگە يېتىپ بېرىپ گىلەمدىن چۈشەي دېيىشىگە بالا يېتىپ كېلىپ سەكرەپ گىلەمگە چىقىپتۇ - دە، «ئۇچ گىلەم!» دەپتىكەن، گىلەم يەنە كۆتۈرۈلۈپتۇ. چۈشۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن قىز يەرگە تىك مولالاق چۈشۈپتۇ. بالا ئۇچقان پېتى ئاكىسىنى ئىزلەپ ئاخىرى ئۇ تۇرغان يۇرتقا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەن كۈنى ئاكىسىنىڭ يېڭى پادىشاھ بولغان ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ. ئاكىسىنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن بىر قانچىسىنىڭ ئۈستىدىكى پادىشاھلىق ئىكەن. ئاكىسى ئۇكىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سورۇشۇپ، شۇ يەردە ئۇنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ-



تۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۆز ئۆيىنى ئەسلىشىپتۇ. قارا كۆڭۈل ئانىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، ساددا دادىسىنىڭ نېمە ھالالرنى كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۆزلىرى بىر بېرىپ كېلىش قارارىغا كەپتۇ.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىن گەپ ئاڭلايلى:

ئانىسى ھېلىقى قۇل ئاپىرىپ بەرگەن ئىككى كۈچۈكنىڭ يۈرىكىنى بايۋەچچىگە بېرىپتۇ. خوتۇن قۇلنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بايۋەچچە بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە، ھېلىقى يېگەن يۈرەك ئادەمنىڭ ئەمەس، ئىتنىڭ يۈرىكى ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ، ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بوپتۇ. ئۆزىنىڭ يامان ھەۋىسىدىن ياخشىلىق تاپالمىغان خوتۇنمۇ سەرسانلىقتا قاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئېرى ھەرەمدىن قايتىپ كەپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغلاپ چىقىپ:

ــ سىلى كەتكەندىن كېيىن ئىككى باالام بىلەن گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ئۆلۈپ كەتتى، ــ دەپ ھازا ئېچىپتۇ. ئېرىمۇ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. ئاخىر: «قانداق قىلىمىز، تەقدىرگە نېمە چارە، تەقدىرگە تەن بەرگۈلۈك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.



ئارىدىن بىر مەزگىل

ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا بىر گىلەم ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. قا-
رىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پادىشاھلىق كىيىملىرى بىلەن بېزەلگەن
ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئوغلى چۈشۈپ كېلىۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرۈپ
بوۋاي:

— ۋاي بالىلىرىم! — دەپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ. ئا-
نىسى بولسا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ.

بالىلار دادىسىغا بولغان ئەھۋاللارنى، ئانىسىنىڭ قارا كۆ-
ڭۈللۈك بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن
ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋاي ئاچ-
چىقىغا بەس كېلەلمەي خوتۇنىنى ئەھلى جامائەت ئالدىدا تاش
بوران قىلغۇزۇپ كۆزدىن يوق قىپتۇ.

بالىلار دادىسىنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىلغانىكەن، بوۋاي:

— بۇ ئىش سىلەرگە لايىق. مەن قېرى ئادەمنىڭ قولىدىن
بۇ ئىش كەلمەيدۇ، — دەپ پادىشاھ بولغىلى زادى ئۇنىماپتۇ. با-
لىلار ئاخىر ئاتىسىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. ھېلىقى بايۋەچچىنى ئۆ-
مۈرلۈك زىندانغا تاشلاپ، ئۆزلىرىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىۋەتكەن
ھېلىقى قۇلنى سول قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.



بىلقۇتجان يېڭىلىقى
خېلىلا كۆپ بولغان بۇ چۆ-
چەكنى قىزىقىپ ئاڭلىغان
بولسىمۇ، كۆڭۈل يېرىم قى-
لىدىغان مەزمۇنلار خېلى


كۆپ بولغاچقا، غىنىڭ قىلمايى تۇگۇلۇپ ئولتۇرۇۋالغان ئىدى.

مۆھتەرەم بوۋاي ئۇنى بىرنەچچە قېتىم سۆزلەشكە دەۋەت قىلغاندىن كېيىن:

— بوۋا، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ھەققىدىكى چۆچەكنىڭ باش قىسمى ھەققەتەن قىزىقارلىق ۋە يېڭى ئىكەن، بەك قىزىقىپ ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرگە كەلسەك، ئوتۇنچى بوۋاينىڭ خوتۇنىنىڭ بوۋايغا، بالىلىرىغا يۇزسىزلىك قىلىشى ۋە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ئۇلارغا قەست قىلىشى مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ رەزىل ئانىلار بولامدۇ؟ دېگەن ئوي بىلەن پۇچۇلۇنۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم، — دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي كۇلۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ھەي ئەقىللىق بالام! شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، دۇنيادا ئەنە شۇنداق رەزىل ئانىلارمۇ تېپىلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ رەزىللىكلىرى ئاخىر ئەل - يۇرت ئارىسىدا ئاشكارا بولۇپ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالىدۇ ۋە كىشىلەرگە ئىبرەت بولىدۇ. بۇ چۆچەكنىڭ مەزمۇنى خۇددى «بۇيرۇغان ئالار، ئالدىرىغان قالار» دېگەن ھېكمەتتىكىدەك بولدى. ھېلىقى بايۋەچچە بىلەن خوتۇن ئالدىرىغاندى، ئۇلارغا شاھلىق مەرتىۋە نېسىپ بولمىدى، بالىلارنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ئۇلارغا نېسىپ بولۇۋىدى، ئۇلار پادىشاھ، ۋەزىر بولۇپ سەلتەنەت سۈرۈپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيادىن ئۆتتى. رەزىل ئانا بىلەن يامان نىيەتلىك بايۋەچچە تې-
گىشلىك جازاسىنى تارتتى...


— گۆھەر تۇغمىغان توخۇنىڭ خىسلىتى ئۆلۈشى بىلەنلا يوق بولۇپ كېتەمدۇ؟ — دېدى بىلقۇتجان.

— شۇنداق، ئۇلار بايلىقنىڭ مەنبەسى بولغان خىسلەتلىك توخۇنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ خىسلىتىنى يوق قىلدى، بۇ خىسلەت توخۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتىنىڭ گۆشىنى يەۋالغان ئىككى بالىغا نېسىپ بولدى...

بىلقۇتجان بىر دەم ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، تې-
مىنى يۆتكەش قارارىغا كەلگەندەك:

— بوۋا - بوۋا...! ماڭا يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭە، تازا قىزىقلىرىدىن بولسۇن! — دېدى.

— ماقۇل - ماقۇل... مەن ساڭا ئەمدى «قاينا چۆگۈن»نى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ۋە چۆچىكىنى باشلاپ كەتتى.



# قاينا چۆگۈن

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بىر قېرى دېھقان ياشايدىكەن، ئۇنىڭ مايسىخان ئاتلىق ئەمگەكچان ھەم چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. مەھەللىدىكى ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مايسىخاننى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما مايسىخان زېمىندار مامۇتنىڭكىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان قۇرباننى يارىتىدىكەن. قىز ھەر دائىم قۇرباننىڭ قوي باققان يېرىگە بېرىپ ياردەملىشىدىكەن ھەم ئۇنىڭغا نەي چالدۇرىدىكەن. قۇربانمۇ «توي قىلغۇدەك پۇل تاپساملا، سېنىڭ بىلەن توي قىلاتتىم» دەيدىكەن.

بىر كۈنى قۇربان ئىشلىگەن ئىشى ئۈچۈن زېمىندار مامۇتتىن پۇل سورىغانىكەن، ئۇ «مەندە تېخى ھېسابلاشقۇدەك پۇلۇڭ يوق» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر قۇربان يۇرتىدىن ۋە مايسىخاندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، پۇل تېپىشنىڭ باشقا ئامالىنى ئىزدەشنى قارار قىپتۇ، لېكىن ئۇ زامانلاردا ھەممە نەرسە ئەمەلدارلار بىلەن زېمىندارلار قولىدا ئىكەن. كەمبەغەللەرنىڭ پۇل تېپىشىغا ئامال يوق ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




شۇڭا، قۇربان ئۈچ يىل مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، پۇل تۇرماق ئىشـ-
مۇ تاپالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربان سەپەردە كېتىۋېتىپ، بىر ئاقسا-
قال بوۋايغا ئۇچراپ قاپتۇ. بوۋاي تاماق يېمىگەنلىكىنى، قورسىقى
ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن
نان سوراپتۇ. قۇربان ئۆزىگە ئوخشاش جاپا - مۇشەققەت چەككەن
كىشىنى كۆرسە چىداپ تۇرالماي غەمخورلۇق قىلىدىكەن. شۇڭا
خۇرجۇنىدىكى ناندىن بىر ئاز ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي يەپ
بولۇپ يەنە سوراپتىكەن، قۇربان ئۆزىنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى،
بوۋايغا قارىغاندا چىدامىلىقلىقىنى ئويلاپ ناننىڭ ھەممىسىنى
بوۋايغا بېرىۋېتىپتۇ. بوۋاي قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن
قۇربانغا چۆگۈننى بېرىپ، سۇ ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ ۋە:

— يىگىت، سۇ ئېلىشتا چۆگۈننىڭ قاپقىقىنى ئېچىشنى،
ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئەمگەك قىلىشنى ئۇنۇتما، — دەپتۇ.

قۇربان ئېرىنمەستىن ھەم يىراق دېمەستىن بىر چۆگۈن سۇ
ئەكىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي سۇنى ئىچىپ بولۇپ يەنە بۇيرۇپتۇ،
قۇربان قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماستىن يەنە مېڭىپتۇ، بۇ
چاغدا بوۋاي چاقىرىۋېلىپ:



— ئاق كۆڭۈل يىگىت،
سېنىڭ نېمىگە ھاجىتىڭ
چۈشسە، شۇنى چۆگۈندىن
«قاينا چۆگۈن» دەپ سورد-
ساڭ بېرىدۇ، ھاجەت بولمد-


غان نەرسىنى سورىما، ــ دەپتۇ.

قۇربان سۇنى ئەكەلسە بوۋاي يوق. «بۇ ئەجەب ئىشقۇ؟!» دەپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ قۇربان. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپنى ئىزدەپتۇ، ۋارقىراپتۇ، لېكىن بوۋاينى ھېچقانداق يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇھە، بۇ خىزىر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن قۇربان بوۋاينىڭ سۆزىنى يادىغا كەلتۈرۈپ «قاينا چۆگۈن» دەپ نان سورىغانىكەن، چۆگۈننىڭ ئىچىدىن پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق نان چىقىپتۇ. قۇربان خۇشال بولغىنىدىن ناخشىسىنى ئېيتىپ، چۆگۈننى كۆتۈرگىنىچە يۇرتىغا راۋان بوپتۇ. كېتىۋېتىپ: مايسىخاننى ئەمدى ئالىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ.

قۇربان كەتكەندىن كېيىن زېمىندار مامۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مايسىخاننى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماپتۇ. مايسىخان بولسا قۇرباننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى قۇربان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قاپتۇ. قولۇم ـ قوشنىلىرى ناھايىتى خوشال بوپتۇ. مامۇت بايلار بولسا «بىر چۆگۈنلا ئەكەپتۇ، باشقا ھېچنېمە تاپالماپتۇ» دېيىشىپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ.



قۇرباننىڭ ھەقىقەتەن چۆگۈندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن. ئۇ چۆگۈن-

www.uyghurkitap.com



دىن بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ، «پۇل سورايمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ، ئاخىر بىر كەتمەن بىلەن ئۇرۇق سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىپتۇ، مايسىخان ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ. كۈزلۈكى مول ھوسۇل ئاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە توي جابدۇق تەييارلاپ ئىككىسى توي قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ ھېكمەتلىك چۆگۈنى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مامۇت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلەپ، قۇرباننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قۇرباننىڭ مامۇتقا چۆگۈننى بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىسىمۇ، ھامان ئۇنىڭ تارتىۋالىدىغانلىقىنى سېزىپ، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قوراللارغا تېگىشىشنى ئويلاپتۇ. مايسىخان قۇرباننى چاقىرىۋېلىپ:

— مامۇتنىڭ كۆك ئېتىغا تېگىشىڭ، يەر تېرىغاندا ئىشلىتىمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان جامائەت قۇربانغا ئەگىشىپ مېڭىپتىكەن، يېرىم يولدا چۆگۈننى ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان مامۇتقا ئۇچراپتۇ.

— چۆگۈنۈمنى سىنىڭ كۆك ئېتىڭغا تېگىشىمەن، — دەپتۇ قۇربان.

— چۆگۈننىڭ سىرىنى كۆرسەت، — دەپتۇ مامۇت.



قۇربان جامائەت ئالدىدا «قاينا چۆگۈن» دەپتىكەن، خىلمۇ-خىل نەرسىلەر چىققىلى تۇرۇپتۇ، بارغانسېرى كۆپ چىقىپتۇ. مامۇت ھوشىنى يوقىتاي دەپ قاپتۇ. قۇربان چۆگۈندىن چىققان نەرسە - كېرەكلەرنى بىللە كەلگەن كۆپچىلىككە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپتۇ.

مامۇت ۋەدە بويىچە كۆك ئېتىنى چۆگۈنگە تېگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ، قولۇم - قوشنا ۋە ئۆيىدىكىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ ئالتۇنلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ.

قوشنىلىرى خېلى ۋاقىت تىڭ - تىڭشاپ كۆرسىمۇ، مامۇتتىن ھېچ دېرەك بولماپتۇ. كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ، ئاقىۋەت ئۇلار ئۆيىگە كىرىپ قارىسا، چۆگۈندىن ئالتۇن ئەمەس، ئەكسىچە، ناھايىتى نۇرغۇن كېسەك چىقىپ، ياۋۇز مامۇتنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

جامائەت خاسىيەتلىك چۆگۈننى قۇربانغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. قۇربان پەقەت ھاجەت بولغاندىلا ئۇنىڭدىن نەرسە تەلەپ قىلىپتۇ، ھاجەت بولمىغاندا سورىماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ يۇرتتىكىلەر زالىم بايلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، باي - باياشات، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.




www.uyghurkitap.com



بىلقۇتجان بۇ چۆچەكتىن تولۇق رازى بولۇپ، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناتقان ھالدا بوۋىسىغا قارىدى.

— بوۋا، بۇ ماڭا ئەڭ يارىغان چۆچەكلەرنىڭ بىرى بولدى، مەن بۇ چۆچەكنى بەك ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ چۆچەكتە ھەم سىرلىقلىق ھەم قىزىقارلىق مەزمۇن بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ئادەمنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىكەن.

— سۆزۈڭ توغرا بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھەقىقەتەنمۇ «قاينا چۆگۈن» ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكنى دوست تۇتقان كىشىلەرگە مەنسۇپ، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭلا تىلىكىنى ئىجابەت قىلىدۇ. يامان نىيەتلىكلەرنىڭ يامانلىقىنى بىتچىت قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىمۇ ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ... بۇ چۆچەكنى ئىجاد قىلغان خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق ھېكمەتلىك، خىسلەتلىك بۇيۇملارغا دۆڭگەپ ئاجايىپ - غارايىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سېھىرلىك بىر دۇنيا يارىتىپ چىققان. بۇنداق خىسلەتلىك بۇيۇملار ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سەۋەبىدىن ئۇلاردىن بىرىگە نېسىپ بولىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ



ۋاستىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ زۆرۈر ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، بۇ ئارىلىقتا يامان نىيەتلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىدا بۇ نەرسىلەردىن بەزىدە ئايرىلىپ قالىدۇ، بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئۇنى يەنە قايتا قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە كېيىنكى ئۆمرىنى بەخت ـ سائادەتلىك ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. خىسلەتلىك نەرسىلەرنىڭ خەلقىمىز ياراتقان چۆچەكلەردە نېمە ئۇچۇن شۇنچە كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ. دېمەك، خەلقىمىز گۈزەللىككە ئىنتىلگەن، بولۇپمۇ قەلب گۈزەللىكىگە ئىنتايىن ھەۋەس قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنى قامدايدىغان خاسىيەتلىك بۇيۇملارغا پەقەت ئۆزلىرىدىكى گۈزەل قەلب ۋە ياخشى خۇيلار تۇپەيلىدىنلا ئېرىشكەن ۋە بۇ نەرسىلەر بىلەن ئۆمۈرلىرىنى باياشاتلىق، بەخت قوينىدا ئۆتكۈزۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. ئويلاپ باقىن، بۇنداق تەسەۋۋۇر نەقەدەر شېرىن ـ ھە؟...!

بىلقۇتجان قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمدى تېمىنى يەنە يۆتكەيلى. باشقا چۆچەكلەر ھەققىدە سۆزلىشەيلى، — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي.

— بوۋا، يەنە بىر قىزىقارلىق چۆچىكىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— بار ـ بار، بولمامدىغان، سەن ئاڭلاشقا تاقەت قىلساڭلا، مەندە چۆچەك تۈگەپ قالمايدۇ!

— ئەمىسە ئېيتىپ بېرىڭ، بوۋا!

# خاسىيەتلىك تاش

بۇرۇنقى زاماندا بەختى ئىسىملىك بىر يىگىت ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئانىسى تۈگەپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسىمۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا بەختىنى قېشىغا چاقىرىپ، كاڭىنىڭ تېگىدىن ساقىدەك بىر تاشنى ئېلىپ:

— بالام، بۇ خاسىيەتلىك تاش، مەندىن ساڭا قالىدىغان مىراس. مەن بەگنىڭ يېرىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇلاقتا بىر ئىمجان بېلىق لەيلەپ قاپتىكەن. بېلىققا ئىچىم ئاغرىپ، ھەر كۈنى نان تاشلاپ بېرىپ ساقايتقانىدىم، بۇ تاشنى ئەنە شۇ بېلىق ماڭا بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئاچىقىپ بەرگەن. بېلىق تاشنى بېرىۋېتىپ: «سەن ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، ياخشىلىققا ياخشىلىق، بۇ تاشنى ئال، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، بۇ، دۇنيادىكى يەتمىش يەتتە خىل دورىدىن ياسالغان تاش، جېنى تېنىدىن چىقمىغان ھەر قانداق كېسەلگە مۇشۇ تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئىچكۈزسە سەللىمازا ساقىيىدۇ» دېگەنىدى.



مەن بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۆزۈمگە ئىشلەتمەيمەن، چۈنكى ساقىيىپ يەنە بەگىنىڭ زۇلمىنى، يوقسۇز - لۇقنىڭ دەردىنى تارتىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ - دە، تاشنى بەختىگە بېرىپ جان ئۈزۈپتۇ.

بەختى بايلارنىڭ زۇلمىنى كۆپ كۆرگەچكە، كەمبەغەل، يوق - سۇللارغا جان كۆيەر يىگىت بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كەمبەغەللەردىن كىم ئاغرىپ - تارتىپ قالسا، ھېچقانداق ھەق ئالماي ئۇلارنى خاسىيەتلىك تاش بىلەن ساقايتىپ قويىدىكەن. كەمبەغەللەرمۇ بەختىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن.

خاسىيەتلىك تاشنىڭ خىسلىتىدىن خەۋەر تاپقان بەگ تاشنى قولىغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىغا كىرىپتۇ. بەگنىڭ قارا نىيىتىنى بىلگەن بەختى باشقا يۇرتقا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇ نەچچە كۈنلەپ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ، تاغلارنى ئېشىپ، چۆللەرنى كېزىپ، دەريالارنى كېچىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ كېلىۋېتىپ، يولدا نىمجان بولۇپ ياتقان بىر چاشقاننى كۆرۈپتۇ ۋە: «بۇمۇ خۇدانىڭ بىر مەخلۇقى، ساقايتىپ قوياي» دەپ ئويلاپ بېلىدىكى قاپىقىدىن سۇ ئېلىپ، تاشنى چايقاپ چاشقانغا ئىچكۈزگەنىكەن، ئۆلەر ھالدا ياتقان چاشقان شۇ ھامان سىلكىنىپ قوپۇپتۇ - دە، زۇۋانغا كىرىپ:

ئۆزۈق ئىزلەپ يۈرگىنىمدە بىر ھارۋا،
بېسىپ كېتىپ مېنى قويدى بۇ ھالغا.
قۇتۇلدۇردۇڭ يىگىت مېنى ئۆلۈمدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نېمە كېرەك ساڭا، ئېيتقىن كۆڭلۈڭدىن؟

دەپتۇ. بەختى:

كېرەك ئەمەس سەندىن ماڭا ھېچنېمە،
كەت ئۇۋاڭغا، مېنىڭدىن سەن غەم يېمە.

دەپ يولىغا مېڭىپتۇ. ئەمما چاشقان بەختىنىڭ ئالدىغا ئۆ-
تۈپ:

بېرەي دېسەم يوقتۇر ئالتۇن ــ كۈمۈشۈم.
ياخشى ساقلا، سوۋغام بولسۇن بىر تۈكۈم.
ئېغىر كۈنلەر چۈشەر بولسا بېشىڭغا،
كۆيدۈر تۈكنى، مەن بارىمەن قېشىڭغا.

دەپ بىر تال تۈكىنى بەختىگە بېرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بەختى تۈكنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ. يەنە خېلى كۆپ يوللارنى باسقاندىن كېيىن ئالدىدا تولغىنىپ ياتقان بىر نىمجان يىلان ئۇچراپتۇ. بەختى «بۇمۇ خۇدانىڭ جانىۋرى» دەپ ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىدىن ئىچكۈزۈپتۇ، ھايال ئۆتمەي يىلان-مۇ سەللىمازا ساقىيىپتۇ. ساقىيىپتۇ ــ دە، قۇيرۇقى بىلەن تىك كۆتۈرۈلۈپ، بەختىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

كېتىپ بارسام ئات دەسسىدى بېلىمدىن،
بەك قىينالدىم جېنىم چىقماي تېنىمدىن.
كېلىپ ئۆلەي دېگىنىمدە جان بەردىڭ،
تارتىنمىغىن نېمە كېرەك مېنىڭدىن؟

بەختى يىلانغا قاراپ:

سورىمايمەن يىلان سەندىن، ھېچنىمە،

خوش قالغىن سەن، مېنىڭدىن ھېچ غەم يېمە.

دەپ مېڭىپتۇ.

ئىككى چامدام ماڭماي يىلان بەختىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

سورىمىساڭ ھېچنەرسىنى مېنىڭدىن،

بىردەم توختا، ساڭا بېرەي تىلىمدىن.

ئېغىر كۈنلەر چۈشەر بولسا بېشىڭغا،

كۆيدۈر تىلنى، مەن بارىمەن قېشىڭغا.

دەپ تىلىنى ئۈزۈپ، بەختىگە بېرىپ كېتىپتۇ. بەختى بۇنىمۇ پوتىسىغا تۈگۈپتۇ ـ دە، يولىنى داۋام قىلىپتۇ. يەنە مەنزىل ئېشىپ كېتىپ بارسا، بىر نەرسىنىڭ «غوڭ ـ غوڭ» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئەمما ئۆزى كۆرۈنمىگۈدەك، شۇنداق قارىسا، قاناتسىز بىر ھەرە ئۇچالماي پىرقىراپ ياتقۇدەك، بەختى ھەرىگىمۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزۈپتۇ، ھەرە بىردەمدىلا قانات چىقىرىپ، بەختىنىڭ بېشىدىن نەچچە ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

قامچا تېگىپ ئايرىلغاچقا قاناتتىن،

پەرۋاز قىلىپ ئۇچالماستىن ياتاتتىم.

قانات بېرىپ قۇتۇلدۇردۇڭ ئازابتىن،

تارتىنمىغىن، نېمە كېرەك ئېيت مەندىن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەختى:

كېرەك ئەمەس سەندىن ماڭا ھېچنېمە،
گۈل تېرىپ يەپ ئەلگە ھەسەل بېرىۋەر.

دەپ ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ، ئەمما ھەرە بېشىدا غوڭۇلداپ بىلـ-
لىلا ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك، بەختى توختاپتۇ. شۇ چاغدە ھەرە:

توختاپ تۇرغىن سەۋر قىلىپ ئادەمزات،
ھېچبولمىسا يۇلۇپ بېرەي بىر قانات.
ئېغىر كۈنلەر چۈشەر بولسا بېشىڭغا،
شۇنى كۆيدۈر، مەن بارىمەن قېشىڭغا.

دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بەختى يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىپ بارسا، ئۆزى قۇراملىق بىر ياش يىگىت يول ئۈستىدە ئىڭراپ، «ئاھ» چېكىپ ياتقۇدەك، ئاغرىقىنىڭ ئازابىدىن رەڭگى پۇرۇشۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كېتىپتۇدەك. بۇنى كۆرۈپ بەختىنىڭ يۈركى ئېچىشىپ كېتىپتۇ. دەرھال تاش-نى چايقاپ سۈيىنى ئىچكۈزگەن ھامان ئۇمۇ سەللىمازا ساقىيىپ-تۇ ۋە بەختىگە كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.



— بۇرادەر، مېنى ئۆ-لۈمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ خالىس ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا

ئۈمۈرۋايەت قۇل بولىمەن.

— مەن ئاتا ـ ئانىسىز بىر يېتىم ـ مۇساپىرمەن، باشقىلار ـ نى قۇل قىلىشنى خالىمايمەن. ئەگەر ساڭا ماقۇل كەلسە، ئۈمۈر ـ لۈك دوست بولايلى.

بەختىنىڭ بۇ تەكلىپى يىگىتكىمۇ ماقۇل كەپتۇ. ئىككىسى جان دوست بولۇپ يولغا چۈشۈپتۇ. تاپقىنىنى تەڭ يەپ، تاغ ـ داۋان، چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر چوڭ شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەر شۇ مەملىكەت پادىشاھىنىڭ پايتەختى ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇن بەش يىلدىن بېرى ئېغىر كېسەل ئىكەن. پادىشاھ قىزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ ـ نىڭ قىلمىغان ئامالى، كۆرسەتمىگەن تېۋىپى قالماپتۇ، قىز سا ـ قايماپتۇ. ئاخىر پادىشاھ «ئەگەر كىمدە كىم قىزىمنى ساقايتسا، شۇ كىشىگە قىزىمنى ھەم پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن» دەپ ئۆز ـ نىڭ قول ئاستىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە جاكار قىلغىنىغا ئۈچ ـ تۆت ئاي بوپتۇ، لېكىن بۇ كېسەلگە داۋا تاپىدىغان كىشى تېخىچە تېپىلماپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ھېلىقى يى ـ گىتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، بەختىنىڭ خاسىيەتلىك تېشى ـ نى ئوغرىلاپ، توپتوغرا ئور ـ دىغا بېرىپ پادىشاھقا:



— قىزىڭىزنى مەن سا ـ قايتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي يى ـ

www.uyghurkitap.com




گىتنى قىزنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. يىگىت خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئاغزىغا تېمىتقانىكەن، قىز سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قول ئاستىدىكى ۋەزىر، ئۆلىمالىرىغا دەرھال توي تەييارلىقى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر بىر دەمدە پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بەختى ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ، بىراق ھېلىقى ساختىپەز دوستى پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭغا قانداقمۇ كۈچى يەتسۇن؟ بۇنى ئويلاپ بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا يولدىكى چاشقان، يىلان، ھەرىلەرنىڭ بەرگەن سوۋغىلىرى ئېسىگە چۈشۈپتۇ، بەختىدە ئۈمىد پەيدا بوپتۇ. چاشقاننىڭ تۈكىنى كۆيدۈرگەنىكەن، ھايال ئۆتمەي چاشقان ھازىر بوپتۇ.

— بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ چاشقان.

بەختى بېشىدىن ئۆتكەننى ئېيتىپ بېرىپتۇ. چاشقان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— تاڭ ئاتقاندا تاش قولۇڭدا بولىدۇ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بەختى: تاش قولۇمغا كىرسىلا يەنە بىر ئامال قىلىمەن، دەپ ئويلاپتۇ. بىر چاغدا ئۆيدە ۋىچىرلىغان ئاۋاز پەيدا بوپتۇ، قارىسا چاشقان بەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىدىن تاشنى چىقىرىپ، خوشلىشىپ كۆزدىن غايىب بو-



لۇپتۇ.

بەختى يىلاننىڭ تىلىنى كۆيدۈرگەنىكەن، دەرھال يىلان پەيدا بولۇپ بەختىگە «مەندىن ساڭا قانداق ياردەم كېرەك؟» دەپتۇ. بەختى بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يىلان بىر ئاز ئويلىنىپ:

— سەن پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالىسەن، پادىشاھمۇ بولىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاشنى ئېلىپ قاچقان قاراقچىنى زەھىرىم بىلەن چېقىپ ئۆلتۈرىمەن، ئاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ قىزىنى چاقىمەن. ئۇنى سېنىڭ قولۇڭدىكى خاسىيەتلىك تاشتىن باشقا ھېچنەرسە ساقايتالمايدۇ، — دەپتۇ.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر - ئۆتمەيلا پۈتۈن شەھەردە «پادىشاھقا كۈيۈئوغۇل بولىدىغان يىگىت ئۆلۈپ، قىزى يەنە بۇرۇنقى كېسەل ھالىغا كېلىپ قاپتۇ» دېگەن سۆز تاراپتۇ.

ئەتىسىگىلا جاكارچىلار يەنە كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بەختى ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا قىزنى ساقايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ، ئۇنى قىزىنىڭ ھوجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. بەختى قىزنى ساقايتىپتۇ. قىز كېلىشكەن بۇ زېرەك يىگىتنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بەختىمۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇلار سىردىشىپ - مۇڭدىشىپ، خۇشال - خۇرام پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئەمەلدارلىرى ئۆز



ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بەختىنىڭ كەمبەغەللىكىنى باھانە قىلىپ، پادىشاھنى ۋەدىسىدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ. پادىشاھ باشتىكى پىكرىدىن قايتىپ، بەختىگە نۇرغۇن مال - دۇنيا بەرمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەختى، مەلىكە ۋە شەھەر خەلقى پادىشاھقا قاتتىق نارازى بوپتۇ. خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلاپ پادىشاھ بىلەن ئەمەلدارلار ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، كېڭىشىپ بەختىگە شەرت قويۇپتۇ:

— بۇ يىگىت تۈۋىلىقتا تېگى يوق ئىكەن، بىراق ئەقلى بار - يوقلىقىنى سىنايمىز. بۇنىڭ شەرتى ئات ۋە ھەممە جابدۇق - سايمانلىرى ئوخشاش بولغان قىرىق مەپىنى يىگىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىمىز. مەلىكىنىڭ قايسى مەپىدە ئىكەنلىكىنى تاپالىسا، بۇرۇنقى شەرتنى ئادا قىلايلى، — دەپتۇ.

بەختى پادىشاھتىن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئالدىدا ۋەدە ئېلىپ، بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپتۇ. ھەرىنىڭ قانىتىنى كۆيدۈرگەنىكەن، شۇ ھامان ھەرە كېلىپ بەختىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. ھەرە بەختىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سەن غەم قىلما، مەپىلەر ئۆتكەندە مەن قايسى ئاتنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرسەم شۇ مەپىنى تۇت، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.



بۇ چاغدا جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ، بىر - بىرىگە ئوپمۇ ئوخشاش قىرىق مەپە

كېلىۋاتقۇدەك. بەختى كۆزىنى ئوبدان ئۇۋۇلىۋېتىپ، مەپىلەرگە
قېتىلغان ئاتلارغا زەن قويۇپ قاراپتۇ. بىر مەپە ئۆتۈپتۇ، ئىككى
مەپە ئۆتۈپتۇ، ھەرە كۆرۈنمەپتۇ. يىگىرمە - ئوتتۇز مەپىمۇ ئۆتۈپ
بوپتۇ، بەختى جىم تۇرغۇدەك. مەيدانغا يىغىلغان كىشىلەر ھايا-
جانغا چۆمۈپتۇ، بەختىمۇ ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ. ئوتتۇز
سەككىزىنچى مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئوتتۇز توققۇزىنچى مەپە
ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئاتنىڭ بېشىدا غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ
كېتىپ بارغان ھەرىنى كۆرۈپتۇ - دە، بەختى يۈگۈرۈپ بېرىپ
مەپىگە چىقىپتۇ، قارىسا مەپىنىڭ ئىچىدە مەلىكە ئولتۇرغۇدەك.
بەختى مەپىنى ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ھەيدەپتۇ. مەيدانغا يىغىلغان
خەلقمۇ مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن
خەلق ئالدىدا بەرگەن ۋەدىسىدىن يانالماي تەختتىن چۈشۈپ، بەخ-
تىگە پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بەختى قىرىق كېچە -
كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكىنى ئاپتۇ ۋە ئادالەت بىلەن يۇرت
سۇراپتۇ.

بىلقۇتجان بۇ چۆچەكنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، تولىمۇ
ھاياجانلىنىپ:



— بوۋا، مەن بۇ چۆ-
چەكنى ئاڭلاپ بەك تەسىر-
لەندىم، — دېدى ئۆزىنى با-
سالماي، — بەختىنىڭ ئە-
قىللىقلىقى، باشقا جان -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جانىۋارلارغا خەيرخاھلىق قىلىشى ئادەمنى بەك جەلپ قىلىدى-
كەن. مەن بۇ چۆچەك ئارقىلىق، باشقىلارغا خالىس ياخشىلىق
قىلىشنىڭ شاراپىتىنى چۈشەندىم، شۇنداقلا كىشىلەرگە ياخشى-
لىق قىلغاندا چوقۇم ئۆزىگە ياخشىلىق ياندىغانلىقىنى، يامان
نىيەتلىكلەرنىڭ ئاخىر بىر كۈنى پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالىدىغان-
لىقىدىن ئىبارەت ھاياتىي ھەقىقەتنى چۈشىنىۋالدىم.

مۆھتەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننىڭ تەھلىلىدىن شادلىنىپ:

— ناھايىتى توغرا چۈشىنىپسەن، جېنىم بالام! — دەپ ئۇنى ماختىدى.

بىلقۇتجان تولىمۇ خۇشال بولۇپ، بوۋىسىنىڭ بوينىغا ئېسى-
لىپ ئامراقلىق قىلدى. بوۋاي ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن ئىچ - ئى-
چىدىن خۇشال بولۇپ، مۇنداق دېدى:

— بالام، ئەسلىدە بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ ئېيتىپ بېرەي دېگەنىدىم. بوپتۇ، قىزغىنلىقىڭ شۇنداق بولسا، ئېيتىپ بېرەي!


— بەك ياخشى بولدى! — دېدى بىلقۇتجان ۋە بوۋىسىنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى.



# خاسىيەتلىك قۇش

ئۆتكەن زاماندا بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى خوجاھەسەن، كىچىك ئوغلىنىڭ خوجاھۇسەن ئىكەن. چوڭ ئوغلى يەتتە ياشقا، كىچىك ئوغلى بەش ياشقا يەتكەندە، ئانىسى ۋاپات بوپتۇ. دېھقان ئىككى ئوغلىنى بېقىپ تەربىيەلەپ چوڭ قىلىپتۇ. بۇ ئوغۇللار چوڭ بولۇپ ۋايىغا يەتكەندە، دادىمۇ ۋاپات بولۇپتۇ.

چوڭ ئوغۇل ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي ئىكەن. ئۇ بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ خوتۇنى قوشكېزەك پەرزەنت تۇغۇپتۇ. دېھقاننىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ خۇي - پەيلى ئەسكى، ئۆزى مەككار، ئالدامچى، بەتنىيەت ئىكەن. ئۇ كىشىلەرنى ئالداپ ـ سىلاپ، مەككارلىق، زىيانكەشلىك يولى بىلەن باي بولۇپ كېتىپتۇ. بۇمۇ ئۆيلىنىپتۇ. لېكىن پەرزەنت يۈزى كۆرمەپتۇ.



خوجاھەسەننىڭ ئىككى ئوغلى چوڭ بولۇپتۇ. ئۇلار دائىم جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىدىكەن. كۈنلەر-

www.uyghurkitap.com




نىڭ بىرىدە جاڭگالغا ئوتۇنغا كېتىپ بارسا، يولدا ئاجايىپ گۈزەل قۇش يولۇقۇپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇل قۇشنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇلار ئۆمە- رىدە مۇنداق قۇشنى زادى كۆرمەپتىكەن. بۇ قۇشنىڭ چىرايلىق- لىقىدىن ئادەمنىڭ زوقى كېلىدىكەن. بۇلار خۇشاللىقتا قۇشنى ئۆيگە ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇ قۇشنى كۆرۈپ دادىسى ناھايىتى خۇ- شال بولۇپتۇ ۋە:

— بۇ چىرايلىق قۇش ئىكەن. باي داداڭلارنىڭ ئۆيگە ئاپى- رىپ بېرىڭلار، پۇل بەرسە ئېلىپ كېلەرسىلەر، — دەپ ئەۋەتىپ- تۇ.

بالىلار خۇشال بولۇشۇپ، قۇشنى باي دادىسىنىڭكىگە ئاپى- رىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي قۇشنىڭ خاسىيەتلىك قۇش ئىكەنلى- كىنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. قۇشنى ئېلىپ قېلىپ «ئەتە كېلىڭلار، پۇل بېرىمەن» دەپتۇ. بالىلار قايتىپ كېتىپتۇ.

باي خاسىيەتلىك قۇشنى قولىغا چۈشەرگەندىن كېيىن: «ئەمە- دى پۇتمەس - تۈگىمەس دۇنياغا ئېرىشتىم. بۇ يۇرتتا مەندىن كاتتا باي تېپىلمايدۇ» دەپ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. قۇشنى ئۆلتۈرۈپ كېچىچە ئۇخلىماي، ئىچ - قارنىنى پاكىز ئادالاپ، ئەتىسى ئەتىگىنى خوتۇنىغا: «گۆشنى ئۆزۈڭ دىققەت قىلىپ پىشۇرغىن، باشقا بىر كىم بىلىپ قال- مىسۇن» دەپ تاپىلاپ قو- يۇپ، بازارغا دۇكان ئاچقىلى



چىقىپ كېتىپتۇ.

باللار قۇشنىڭ ھەققىنى ئالىمىز دەپ شۇ كۈنى باي دادى-سىنىڭكىگە كېلىشىپتۇ. ئۆيگە كىرسە، ئۆيدە ئادەم يوقمىش. ھې-لىقى قۇشنىڭ گۆشى قازاندا قايناۋاتقۇدەك. باللار قازاننىڭ تو-ۋىقىنى ئېچىپ قارىسا، ئۈستىدە كىچىككىنە بىر پارچە گۆش قايناۋاتقۇدەك. باللار بۇ گۆشنى ئېلىپلا يەۋاپتۇ. تۇۋاقنى يەنە ئاۋۋالقىدەك يېپىپ قويۇپ تۇرۇشىغا، باينىڭ خوتۇنى ئىچكەركى ئۆيدىن چىقىپ قاپتۇ ۋە:

— ھوي گاداي شۇمتەكلەر، ئادەم يوق ئۆيدە نېمە قىلىشىۋا-تىسەن؟ ھازىرلا ئۆيدىن چىقىش، — دەپ تىللاپ ھەيدىۋېتىپتۇ. باللار ئۆيگە يىغلاپ كېلىشىپتۇ. دادىسى ھەسرەتلىنىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:

— بوپتۇ باللىرىم، باي داداڭلارنىڭكىگە مۇندىن كېيىن بارماڭلار، — دەپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەككار بايدىن ئاڭلايمىز.

باي كەچقۇرۇن دۇكىنىدىن قايتىپ كەپتۇ ۋە زور ئۈمىد بى-لەن ئالدىراپ-تېنەپ خاسىيەتلىك قۇشنىڭ گۆشىنى يەپ بو-



لۇپ، سۆڭەكلىرىنى بىر جايغا كۆمۈۋېتىپ، يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن ئور-نىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى، ھەتتا بۇلۇڭ-

www.uyghurkitap.com




پۇچاقلىرىغىچە سەپسېلىپ ئاختۇرۇپتۇ. ھېچ نەرسە پەيدا بولماپ-
تۇ. خاسىيەت ئەسلىدە قۇشنىڭ يۇركىدە ئىكەن. قانداق كىشى-
نىڭ تەلەيى - ئامىتى كېلىپ، خاسىيەتلىك قۇشنى تۇتۇپ، يۇر-
كىنى يېسە، ئۇ غايىبتىن دۇنيا - دەپىنىگە ئىگە بولىدىكەن. بۇ
قۇشنىڭ يۇركىنى ئىككى بالا يەپ كەتكەن ئىكەن.

باينىڭ بۇ ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوق بولغاچقا، خوتۇنىغا كا-
يىپ:

— بۇ قۇشنىڭ گۆشىدىن بىر كىمگە بەردىڭمۇ؟ سەن ياخشى
خەۋەر ئالماي قۇشنىڭ خاسىيەتلىك يۇركىنى يېيەلمىگەنلىكىم-
دىن، ئۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق خاسىيىتى بولمىدى، — دەپ خوتۇنى
بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاكىسى كىرىپ كەپتۇ. ئۇ
ئاكىسىغا قاراپمۇ قويماي، تەلەتىنى بۇزۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كى-
رىپ كېتىپتۇ. ئاكىسى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— ئۇكام، ساڭا بىر خالتا ئالتۇن ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.
بۇنى ئاڭلىغان باي يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ. ئاكىسى ئۇنىڭغا بىر خال-
تا ئالتۇننى كۆرسىتىپ:

— ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرغاندا بالىلىرىمنىڭ ياستۇقىنىڭ
بېشىغا بۇ بىر خالتا ئالتۇن
پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بىز
ھەيران بولۇپ، بۇ ئالتۇننى
سېنىڭ قېشىڭغا ئېلىپ
كەلدۇق، — دەپتۇ.




بۇ ئالتۇننى كۆرۈپ

مەككار باينىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كېتىپتۇ ۋە:

— بۇ ئالتۇن ئەسلىدە ماڭا تېگىشلىك ئالتۇن ئىدى. سېنىڭ بالىلىرىڭ ئوغرىلاپ كەتكەن، تۇتۇڭلار بۇ ئوغرىلارنى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

مەككار باي ئادەملىرىنى چاقىرىپ، ئاكىسىنى دۆشكەلەپ، ئىتتىرىپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئاكىسىنىڭ ئىككى بالىسىنى يىراق بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

بالىلار جاڭگالدا بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ، «ئەمدى بۇ جاڭگالدا بۆرىگە يەم بولىدىغان بولدۇق» دەپ ئاھ ئۇرۇشۇپ، بارار يېرىنى بىلمەي، ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ بۇ جاڭگالدىن چىقىپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكتىن، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇپ ئۇخلىشىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپتۇ. قارىسا ياتقان يېرىدە بىر خالتا ئالتۇن تۇرغىدەك. ئۇلار: «بۇ ئالتۇن بىزنى مۇشۇ كويغا سالدى، بۇنى ئالساق يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى تۇتمايلى» دەپ، ئالتۇنغا قارىماي يولغا مېڭىشىپتۇ. بۇلار ماڭا - ماڭا بىر ئۆستەڭ بويىغا كەپتۇ. بالىلار ھېرىپ كېتىپ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپتۇ. توشقان ئۇۋلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئوۋچى بالىلاردىن:



— قەيەردىن كەلدىڭلار؟ قەيەرگە بارىسىلەر، نېمە

uyghurkitap.com



ئۇچۇن يىغلايسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز زالىم باي دادىمىزنىڭ دەردىدىن مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. ھېرىپ - چارچاپ قورسىقىمىز ئېچىپ يۈرەرگە مادارىمىز يوق، ئولتۇرۇپ قالدۇق، — دەپ يىغلىشىپتۇ بالىلار.

ئوۋچىنىڭ بۇ بالىلارغا ئىچى ئاغرىپ، رەھمى كېلىپ ئۆيگە باشلاپ بېرىپتۇ. بالىلارغا تاماق بېرىپ، قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. بالىلار ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكتىن تاماقنى يەپلا ئۇخلىشىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئوۋچى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، بالىلارنىڭ بېشىدا بىر خالتا ئالتۇن تۇرغۇدەك. ئوۋچى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، بالىلارنى ئويغىتىپ، ئۇلاردىن گەپ سوراپتۇ. بالىلار بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئوۋچى بالىلارغا:

— سىلەر دېگەن ئۇ قۇش خاسىيەتلىك قۇش. دۇنيادا مۇنداق قۇشنى ئۇچراتماق ناھايىتى قىيىن. خاسىيەتلىك قۇش كىمگە نېسىپ بولۇپ، كىم قۇشنىڭ يۈرىكىنى يېسە، قۇشنىڭ خاسىيىتىدىن تۈگىمەس دۇنيا - دەپىنىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ قۇشنى خۇدايىم سىلەرگە نېسىپ قىلىپتۇ، — دەپتۇ ۋە بالىلارغا ئوۋلاپ كەلگەن قۇشقاچ گۆشىدە تاماق قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ سوراپتۇ:



— بالىلىرىم! مەن بىلەن مۇشۇ يەردە بىرگە

تۇرامسىلەر ياكى كىتەمسىلەر؟
— ئاتا! سىز بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭىز، سىزدىن ئاي-رىلغۇمىز كەلمەيدۇ. سىزمۇ يالغۇز ئىكەنسىز، سىزگە بالا بولۇپ، قېشىڭىزدا تۇرۇپ خىزمىتىڭىزنى قىلساق، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ بالىلار.
ئوۋچى ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. بۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ھەتتا كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ ئۇقماي قاپتۇ. بۇلار يېتىپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرسا، بالىلارنىڭ بېشىدا يەنە بىر خالتا ئالتۇن تۇرغۇدەك. بالىلار بۇ ئالتۇننى ئوۋچىغا بېرىپتۇ. ئوۋچى بۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، يېمەك - ئىچمەك ۋە لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. ئوۋچى زەردار باي بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇلمۇ چوڭ بولۇپ زەردار بايلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنىسى بالىلار ئوۋچىغا:
— ئاتا، باشقا بىر شەھەرلەرگە بېرىپ سودا - سېتىق قىلىپ كەلسەك. شۇ پۇرسەت بىلەن ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ باقساق، — دەپتۇ.



ئوۋچى بۇلارنىڭ تەلى-پىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. چەت شەھەرلەرگە سېتىشقا باب كېلىدىغان ماللاردىن راسلاپ بېرىپتۇ. بۇلار شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، ئالماق -

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com




ساتماق قىلىپتۇ. بارغانلا يېرىدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىز ـ دېرەكىنى قىلىپتۇ. بىراق، ھېچ يەردىن ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالماپتۇ. يەنە بىر شەھەرگە بېرىپ، ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى ساتماقچى بولۇپتۇ. بىر مۇنچە سودىگەرلەر مال ئالغىلى كېلىشىپتۇ. قارىسا سودىگەرلەر ئارىسىدا ھېلىقى باي دادىسىمۇ تۇرغىدەك. باللار باي دادىسىنى كۆرۈپلا تونۇۋاپتۇ. بۇ نائەھلى مەككارنى كۆرۈپلا، باللارنىڭ غەزىپى ئۆرلەپتۇ. ئەمما غەزىپىنى بېسىۋاپتۇ ۋە باي دادىسىدىن:

— بىزنى تونۇدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەر بىرلىرىنى تونۇيالمىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ باي دادىسى.

ئۇلار غەزىپىنى بېسىۋالماي:


— تونۇمىغان بولساڭ ئەمدى تونۇپ قويغىنىكى، بىز سەن زىيانكەشلىك قىلىپ، جاڭگالغا تاشلىۋەتكەن ئوغۇللارمىز. ئەمدى سەندىن ئىنتىقام ئالىمىز. دادىمىز بىلەن ئانىمىز قەيەردە؟ بار يېرىنى ھازىر بىزگە ئېيتىپ بەرسەن! — دەپ، بۇ نائەھلىگە چاڭ ساپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باشقا سودىگەرلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ قاپتۇ.



— ۋاي باللىرىم، ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرەي. ئېزىپتىمەن، توۋا قىلدىم، ئەپۇ قىلىڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن
كېيىن، بىر يىراق تاغنىڭ باغرىغا بېرىپ بىر ئۆڭكۈرنى ماكان
قىلىپ، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ
پىراقىدا كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ دادىسىنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قاپ-
تۇ. ئانىسىمۇ يېرىمجان بولۇپ قاپتۇ. ھېلىقى نائەھلى باللارنى
شۇ يەرگە باشلاپ بېرىپتۇ. باللار ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپلا، «ئاھ
ئاتا، ئاھ ئانا» دەپ ئۆزلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىپ،
يىغلىشىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كې-
لىپ قارىسا، ھېلىقى نائەھلى، مەككار ئاللىقاچان قېچىپ كې-
تىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى بېشىدىن ئۆتكەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك كۈن-
لەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەمدە بۇ نائەھلىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى
تەلەپ قىلىپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇل بۇ مەككارنىڭ ئارقىسىدىن
قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپتۇ:

— ھەي قارا نىيەت مەككار قاراقچى! سەن بىزگە بىكاردىن-
بىكارلا شۇنچىۋالا زىيانكەشلىك قىلدىڭ. ئەل قىساسى مىنەلھەق.
قىساس ئېلىش نۆۋىتى ئەمدى بىزگە يەتتى. ياتار جايىڭ دوزاخ
بولسۇن! — دەپ بۇ مەككارنى ئاتقا سۆرىتىپ، قىيىن ئۆلۈم بىلەن
جازالاپتۇ.



ئاتا ـ ئانا ۋە بالا جەم
بولۇشۇپ، مۇراد ـ مەقسەت-
لىرىگە يېتىپتۇ.

مۆھتەرەم بوۋاي چۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چەكنى سۆزلەپ بولۇپ بىلقۇتجانغا قارىدى. بىلقۇتجان بۇ ھەقتە پىكىر قاتناشتۇرۇشقا ئالدىرىماي دېدىمۇ، گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇۋالدى. شۇڭا، يەنىلا مۆھتەرەم بوۋاي سۆزلىدى:

— خاسىيەتلىك قۇشنىڭ چۆچەكتە سۆزلەنگىنىدەك خاسىيەتلىك بولۇپ كېتىشى ئەلۋەتتە ناتايىن، لېكىن خاسىيەتلىك قۇشنىڭ ئاق كۆڭۈل، خالىس نىيەتلىك كىشىلەرگە ئۇچرايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. چۆچەكتە ئۇلار تەقدىر - ئىرادە بىلەن بۇ قۇشنىڭ يۈرىكىنى يەۋېلىپ، خاسىيەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلارغا ھەر كۈنى بىر خالتا ئالتۇن نېسىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈگىمەس دۇنياغا ئىگە بولدى. بۇ چۆچەكتە قارا نىيەتلىك بىلەن ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ قارا نىيەتلىكنىڭ ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھاياتى ھەقىقەت يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بىلقۇتجان بوۋىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى:

— شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئاق كۆڭۈل بولۇش ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن، شۇڭا، مەن ئاق كۆڭۈللۈكنى ھەممىدىن ئارتۇق ئىنسانىي پەزىلەت ئىكەن دەپ قالدىم. مەن چوقۇم ئاق كۆڭۈل بولۇشقا، ياخشى خىسلەتلىرىمنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا تىرىشىمەن.



— مەن ساڭا ئىشىنىمەن، جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي سۆيۈنگەن هالدا.

ئۇلار ئاربدا بىر كۈن ئارام ئېلىشۋالدى. بۇ جەرياندا بىلقۇتجان ساۋاقداشلىرى ۋە دوستلىرىغا بوۋىسىدىن ئاڭلىغان ئاجايىپ-غارايىپ چۆچەكلەردىن بىرنەچچىسىنى ئېيتىپ بېرىپ، ئۇلارنى هەيران قالدۇرۇۋەتتى. ئەتىسى بىلقۇتجان ناهايىتى روهلۇق هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپكە باردى ۋە يەنە بىرنەچچە چۆچەكنى بالىلارغا سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— بوۋا، مەن ساۋاقداشلىرىمنى چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ قالتىس هەيران قالدۇرۇۋەتتىم، — دېدى بىلقۇتجان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا، — يەنە قىزىق-قىزىق چۆچەكلەردىن ئېيتىپ بەرسىڭىز، ساۋاقداشلىرىمنى داۋاملىق هەيران قالدۇرسام دەيمەن...!

— ماقۇل-ماقۇل جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي ئامراق نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — نۇرغۇن قىزىق چۆچەكلىرىم بار. ئۇنى هازىرلا سۆزلەپ بېرەي، قېنى، قۇلاق سال!



# خاسىيەتلىك ئاق گۈل

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىرلا قىزى بولۇپ، پادىشاھ قىزىنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغانىكەن.

يىللار ئۆتۇپ قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئوبدانراق بىرەرسىگە ياتلىق قىلىپ، ئاتلىق قەرزىمنى ئادا قىلسام، دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈتمىگەندە قىز تۇتقاقلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئەپسۇسلىنىپ كېچە ـ كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپتۇ. تېۋىپ چاقىرتىپ قىزنى ساقايتىشقا پەرمان قىپتۇ. يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن تېۋىپلار بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قىلغان بولسىمۇ، قىز ساقايماپتۇ. لېكىن قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان شاھزادىلەر قىزغا كۈندە دېگۈدەك ئەلچى ئەۋەتكىلى تۇرۇپتۇ.



پادىشاھ ئىختىيارنى قىزىغا قويغان ئىكەن، قىز «كېسىلىمنى قانداق كىشى

ساقايتسا، شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپتۇ. شاھزادىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇ ساھىبجامالنىڭ كېسىلىگە دورا ئىزدىشىپ، شەھەرمۇ شەھەر چېپىشىپتۇ. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ھەر قايسى شەھەر ئەھلى «قىزنى كىم ئالار» دېگەن ۋەسۋەسە ئىچىدە قاپتۇ.

نامەلۇم بىر يۇرتتا ئاتا ـ ئانىسى يوق بىر يېتىم ئوغۇل بار ئىكەن. ئۇ شىپالىق دورىنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇ ساھىبجامالنى ساقايتىپ مۇرادىغا يەتمەكچى بوپتۇ ۋە غەيرەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ چۆل ـ باياۋانلارنى كېزىپ بىر باغنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قارىسا بۇ باغ جەننەتتىن كەم ئەمەس. ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن، گۈللەر ئېچىلغان، ھەر خىل قۇشلار سايراۋاتقان، سۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان. يىگىت يول يۈرۈپ ئېچىرقاپ كەتكەنلىكتىن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنداق قارىسا، دىۋە سۈپەت بىر موماي ئالدىغا كېلىپ:

— نېمىشقا سورىمايلا باغقا كىردىڭ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن بالىغا تىكىلىپتۇ. بالا تىترەپ تۇرۇپ:



— ئەي ئانا! مەن ئاتا ـ ئانىسىز بىر يېتىممەن، بېشىمغا ئىشق سەۋداسى چۈشتى. دىلرەبانىڭ دەردىگە شىپا ئىزلەپ بۇ باغقا كىرىپ قالدىم... — دەپلا

هوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ هوشىغا كەلگەندىن كېيىن موماي ئۇنىڭ-
غا:

— ئەي، يىگىت، سەن دورا ئىزلەپ كەلگەنسەن، شاھ قىزىغا
شىپا بولىدىغان دورىنى تاپالماي، سانسىز شاھزادە مەقسىتىگە
يېتەلمىدى. سېنىڭ تاپمىقىڭ تېخىمۇ مۈشكۈلدۇر. جېنىڭنى
قىينىماي يۇرتۇڭغا قايت، — دەپتۇ.

— ئانا، قىلغان سۆزلىرىڭگە رەھمەت، ئول ماھى تابان ئۈچۈن
باسقان ھەر قەدىمىمگە مىڭ رازىمەنكى، ھەرگىز ئارقامغا قايتماي-
مەن، — دەپتۇ يىگىت.

— ئەي ئوغلۇم، ئىرادەڭ ئېيتقىنىڭدەك بولسا، كۈنچىقىشقا
قاراپ ماڭ، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چارباغ بار. باغ ئىگى-
سىنى «فەتران جادۇ» دەيدۇ. قىزغا شۇ جادۇگەر قەست قىلىپ،
ئۇنىڭ تەقدىرىنى بىر تۈپ ئاق گۈلگە باغلىۋەتكەن. ئۇ ھەر ھەپ-
تىدە بىر قېتىم سېھرى ئوقۇغاندا، قىزنى تىترەك بېسىپ، بېشى
ئاغرىپ ھوشىدىن كېتىدۇ. سەن باغقا كىرسەڭ، ئاق گۈلدىن بىر
تال ئۈزۈۋال - دە، تېز قايتىپ گۈلنى قىزغا بەر. قىز گۈلنى
چېكىسىگە قىسسۇن، شۇ ھامان ساقىيىدۇ. قىز سېنىڭ پىرا-
قىڭدا ئۆرتىنىپ سېنى ئىز-
لەيدۇ. بۇ سىرنى مەن ھېچ-
كىمگە ئېيتمىغان، كۆپ جا-
پا چەككەنلىكىڭ ئۈچۈن
ساڭا ئېيتتىم. ساڭا ئاق يول
تىلەيمەن، — دەپتۇ ۋە بالى-



غا يولدا يېگىن، دەپ بىر خالتا ئۆرۈك قېقى بېرىپتۇ.

بالا رەھمەت ئېيتىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئون بەش كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، ھېلىقى چارباغقا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا مۇ-شۇككە ئوخشاش بىر مەخلۇق باغ ئىشىكىنى ساقلاپ ياتقۇدەك، ئۇ جادۇ كەمپىرنىڭ كىچىك قىزى ئىكەن. بالا ئۇنىڭغا سالام بېرىپ-تۇ. بالا قىزنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قاپتۇ ۋە بالىنى باغقا كىرىپ ھاۋا يەپ چىقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. بالا باغقا كىرىپ، ئې-رىق بويلاپ كېتىۋاتسا، كۆزىگە گۈللۈكتە تازا چىرايلىق ئېچىلغان بىر تۈپ ئاق گۈل كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ گۈلدىن بىر تال ئۈزگەن ئى-كەن، شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ باغنى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. بالا قورقۇپ تېنەپ يۈرسە، ھېلىقى مۈشۈك سۈپەت قىز كېلىپ:

— بۇ يەردە تۇرماي چاپسان قاچ، قېرىنداشلىرىم كۆرۈپ قالسا، سېنى ھايات قويمايدۇ، — دەپتۇ.

بالا باغدىن قېچىپ چىقىپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. بالىنىڭ يول ۋە ئاچلىقنىڭ ئازابىدىن سولغان چىرايىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭدىن:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا:



— مەن كارۋان بېشى ئىدىم، يولدا قاراقچىلار كارۋانلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىمنى بۇلاپ كەتتى. مەن يالغاندىن ئۆلگەن بولۇ-ۋېلىپ، قاراقچىلار كەتكەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىن كېيىن، جىنىمنى ئېلىپ بۇ يەرگە قېچىپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا ئاش - نان بەرگەن ئىكەن. يىگىت خېلى جانلىنىپ قاپتۇ.

ئۇ بازار ئايلىنىپ يۈرسە، بىر قېرى ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەھرادىن گۈل ساتقىلى كەلدىم، — دەپتۇ بالا ۋە ئۇنىڭغا قوينىدىن گۈلنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ. موماي گۈلنى كۆرۈپتۇ.

— ئانا، بۇ گۈل سىزگە يارىمايدۇ، — دەپتۇ.

موماي:

— بۇ گۈلنى مەن پادىشاھنىڭ قىزىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئالىمەن، — دەپتۇ.

بالا مەلىكىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ:

— ئەگەر گۈلنى مەلىكىگە سوۋغا قىلسىڭىز، سىزدىن پۇل ئالماي بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە گۈلنى مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ كەينىگە قارىماي كېتىپتۇ.



دېگەندەك، موماي گۈلنى مەلىكىگە بېرىپتۇ. مەلىكە گۈلنى چېكىسىگە قىسقان ئىكەن، مىنۇت ئۆتمەي دىلى روشەنلىشىپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. ئۇ-

زىچىلا گۈل بەرگەن يىگىت پىراقىدا يىغىشقا باشلاپتۇ ۋە مومايغا ئۇنى ئىزدەپ كېلىشنى ئىلتىجا قىپتۇ. موماي يىگىتنى ئىزدەپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ. مەلىكە يىگىتنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىپتۇ. تون كىيگۈزۈپتۇ. ئاندىن موماينى چاقىرىپ:

ــ ئەي ئانا! سىز بېرىپ ئاتامغا ئېيتىڭ، مەن سەللىمازا ساقايدىم، ۋەدەم بويىچە ماڭا شىپالىق دورا ئېلىپ كەلگەن يىگىت بىلەن مېنىڭ يۈزۈمنى ئېچىۋەتسۇن، ــ دەپتۇ.

موماي پادىشاھقا قىزنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزۈپتۇ. پادشاھ قىزىنىڭ ساقايغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاق گۈلنى ئېلىپ كەلگەن يىگىتكە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. قىزىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ تويغا تەييارلىق قىلىش يارلىقى چۈشۈرۈپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكىنى يىگىتكە قوشۇپ قويۇپتۇ. بۇلار يەتتە پەرزەنت كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

چۆچەك تۈگىشى بىلەنلا بىلقۇتجان ئىتتىك مۆھتەرەم بوۋاينىڭ چىرايىغا قارىدى. بوۋاي ئۇنى سۆزلەپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. بىلقۇتجان مۇنداق دېدى:



ــ يىگىت ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولغاچقا، ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك ئاق گۈلنى ئۈزۈش نېسىپ بولدى ۋە ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساق ـ سالامەت مەلىكىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئاخىر مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتى. بۇ چۆچەكتىمۇ ئەلۋەتتە ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ هامان كىشىگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت هە. قىقەت يورۇتۇپ بېرىلگەن ئىكەن.


ــ سۆزۈڭ تـوغرا بولدى، جېنىم بـالام! ــ دېدى مۆهتـەرەم بوۋاي بىلقۇتجاننى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇپ، ــ سەن هەرقانداق چۆچەكنى بىر ئاڭلاپلا ئۇنى تەھلىل قىلالايدىغان بولۇپ كەتتىڭ جۇمۇ!

بىلقۇتجان ئېيتقۇسىز خۇشال بولۇپ، بوۋىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلىدى. بوۋاي ئۇنى پۇراپ، سۆيۈپ تۇرۇپ:

ــ ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى! يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلاشنى خالامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ جان دەپ خالايمەن بوۋا! ــ دېدى بىلقۇتجان جاراڭلىق ئاۋازدا.


ــ ئۇنداق بولسا قۇلاق سال!



# خاسىيەتلىك بۇلاق

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. ئەنە شۇ زامانلاردا، ئاقباش تاغنىڭ باغرىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ قىزىقارلىق ئىشلار بولغان ئىكەن.

بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە چاچلىرى ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيـ گەن. يۈز ياشتىن ئاشقان بىر جۈپ ئەمگەكچان بوۋاي ـ موماي ياشىغان ئىكەن. بوۋاينىڭ ئىسمى سەلەي، مومايىنىڭ ئىسمى سەـ ئىدە ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشايدىكەن، بىر ـ بىرىنى ئىنتايىن قەدىرلىشىـ دىكەن. بىراق. بىرمۇ بالىسى بولمىغاچقا، كۆڭۈللىرى يېرىم ئىـ كەن. ئۇلار باشلىرىدىكى ئاپپاق چاچلىرىغا، يۈزلىرىدىكى قورۇقـ لىرىغا قاراپ، تەقدىرنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن نارازى بولۇپ، ئۇلـ مەي ياشاشنى، ياشىغانچە ياشىرىپ تۇرۇشنىڭ خىياللىرىنى سۈـ رىدىكەن.




كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى چۈشتە، بوۋاي ئىشىك ئالـ دىدىكى كاۋا بارىڭى ئاستىدا ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاجايىپ قۇش

كۆرۈپتۇ. قۇش بوۋاينىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ، بوۋاي بولسا
قۇشقا ھەۋەسلىنىپ، قۇشنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا
ھاۋاسى ئىنتايىن ساپ، چىرايلىق بىر چىمەنلىككە بېرىپ قاپتۇ.
قارىغۇدەك بولسا، تۆت ئەتراپى ياپيېشىل، بۈك ـ باراقسان، كۆز -
نى قاماشتۇرغۇدەك رەڭگا رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، سۈپسۈزۈك
سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، ھەرخىل قۇشلار سايراپ تۇر -
غان، جانىۋارلار ئەركىن سەكرەپ يۈرگەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن
بوۋاي: پاھ، پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل چىمەنزار بۇ، جەننەت دېگەن
بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس، دەپ ئويلاپتۇ. بوۋاي ئالدىغا ماڭغانچە
دىمىقىغا ئىپار ـ زەپەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۇرۇلۇپتۇ. قارىغۇ -
دەك بولسا مېھرىگىياھلار بولۇق ئۆسكەن بىر جايدا ئاجايىپ بىر
ئېسىل بۇلاق مۆلدۈرلەپ تۇرغۇدەك. ھېلىقى قۇش بۇلاق ئۈستى -
دە بىر پەس شوخ سايراپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، يەرگە قونۇپتۇ،
بىر سىلكىنىپلا گۈزەل پەرى قىزغا ئايلىنىپتۇ ۋە بوۋايغا:

— بوۋا، بۇ خاسىيەتلىك بۇلاق، بۇلاق سۈيىنى ئۈچ قېتىم
ئىچسىلە مەقسەتلىرى ئىجابەت بولىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي خۇشاللىقىدا پەرى قىزغا رەھمەت ئوقۇپ، بۇلاق سۇ -
يىنى ئوچۇملاپ ئەمدىلا ئاغ -
زىغا ئاپارغان ئىكەن، موماي -
نىڭ:



— قوپسىلا، قوپسىلا، —
دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئوي -
غىنىپ كېتىپتۇ ۋە «تاتلىق

چۈشۈمنى بۇزدۇڭ» دەپ مومايغا كايىپتۇ ـ دە، پالتا، ئاغامچىلىـ
رىنى ئېلىپ، ئوتۇن كەسكىلى تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ.

ھەيۋەتلىك ئاقباش تاغ بۇ كۈنى بوۋاينىڭ كۆزىگە ئادەتتىن
تاشقىرى كۆركەم ۋە گۈزەل كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ يول بويى بايا كۆرگەن
چۈشىنى ئويلاپ، تاغنىڭ ئىچىگە خېلىلا كىرىپ كەتكەنلىكىنى
سەزمەي قاپتۇ. بوۋاي تۇيۇقسىز بىر قۇشنىڭ غەلىتە سايرىغان
ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرگەن ئىكەن، بىر قۇش موللاقلاپ
ئۇچۇپ كېلىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. بۇ تاجلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ
تۇرغان، پەيلىرى تورنىڭكىدىنمۇ رەڭدار، قۇيرۇق پەيلىرى ئۈچ ـ
تۆت غۇلاچ كېلىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق بىر قۇش ئىكەن. ئۇنىڭ
پۇتىغا ئوقيا ئوقى سانجىلىق بولۇپ، قان توختىماي ئېقىپ تۇرـ
غۇدەك. بوۋاي دەرھال ئوقنى سۇغۇرۇۋېتىپ، بىر خىل دورىلىق
ئۆسۈملۈكنى ئالقىنىغا ئېلىپ مىجىپ، سۈيىنى قۇشنىڭ ياـ
رىلانغان پۇتىغا تېمىتىپ، پوتىسىنى يىرتىپ تېڭىپ قويۇپتۇ.
قۇش ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ ئەكسىگە كەپتۇ ۋە قاناتلىرىنى
كېرىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ـ دە، بوۋاينىڭ بېشىدا ئايلىنىپ
ئۇچۇپ، شوخ ۋە يېقىملىق سايراپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن يەرگە
قونۇپلا ئاجايىپ چىرايلىق
پەرى قىزغا ئايلىنىپتۇ،
بوۋايغا سالام بېرىپ مۇنداق
دەپتۇ:



— ئەسسالام ئاق كۆـ
ڭۈل بوۋا، سىلى ماڭا ياخـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شىلىق قىلدىلا، ئەمدى مەنمۇ ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرماقچىمەن. قانداق مەقسەتلىرى بولسا ئېيتسىلا، ياردەمگە مەن تەييار، — دەپتۇ. بوۋاي گاڭگىراپ ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

«ئوڭۇممۇ - چۈشۈممۇ» دەپ بېشىنى سىلكىپ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يەر ئاستىدىن قىزغا نەزەر ساپتۇ. قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىق، ئوقيانىڭ يايىسىدەك ئەگمە قاشلىق، خۇمار كۆزلۈك، ئانار يۈزلۈك، زىبا بويلۇق، ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار بۇ قىز چۈشىدە كۆرگەن پەرىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەن. بوۋاي ھەيران بولۇپ ئويلىنىپتۇ، ئاخىرى ئاپپاق ساقىلىنى سىلاپ، كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بايان قىپتۇ:

— ئەي پەرى قىز، مۇشۇ ئاپپاق ساقىلىمنى يوقىتىپ، مۈكچەيگەن بەللىرىمنى تۈزلەشنىڭ ئامالى بارمىدۇ؟

بوۋاينىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن پەرى قىز، كۈنچىقىش تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:


— ئەلۋەتتە بار، بوۋا، ئەنە قارىسىلا، ئاشۇ ئاقباش تاغنىڭ مۇزلۇق چوققىسىدىن ئۆتسىلە ئاجايىپ سېھىرلىك گۈزەل ماكان بار، ئەنە شۇ ماكاندا بىر خاسىيەتلىك بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيىنىڭ ياشارتىش خاسىيىتى بار. ئەمما. ئۇ ماكانغا بارىدىغان يول تولىمۇ مۇشكۇل. مۇز داۋانلار



تىك ۋە خەتەرلىك. توسقۇنلارنى بۆسۈپ، مەقسەتكە يېتىش نىيەت-
لىرى بولسا، مەن ھەر ئىشلىرىدا يار - يۆلەك بولىمەن. باشلىرى-
غا كۈن چۈشكەندە بۇنى كۆيدۈرسىلە شۇ ھامان يانلىرىدا پەيدا بو-
لىمەن، ــ دەپ، قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭلىك ئۈچ تال پەينى
بوۋايغا بېرىپتۇ - دە، قۇشقا ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە
بوۋاينىڭ بېشىدىن ئەگىپ، قېلىن ئورمانلىق تاغنىڭ ئىچكى-
رىسىگە قاراپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بوۋاي ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپتۇ ۋە مومايغا ئاجايىپ بىر
قۇش كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پەرى قىزغا ئايلانغانلىقىنى، تاغدا
خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ بارلىقىنى، بۇلاق سۈيىنىڭ ئادەمنى ياشار-
تىدىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي ئالامەت
خۇشال بوپتۇ. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ خاسىيەتلىك بۇلاققا
بېرىشقا تەييارلىق قىلىپتۇ. بەلگىلەنگەن كۈندە بوۋاي موماي بى-
لەن خوشلىشىپ، ئاقباش تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ.

بوۋاي يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى
بىر قېلىن ئورمانلىققا كەلگەندە يول تېپىلماپتۇ، سول تەرەپكە
مېڭىپتۇ، بولماپتۇ؛ ئوڭ تەرەپكە مېڭىپتۇ، بولماپتۇ. ئودۇل مې-
ڭىپتۇ بولماپتۇ. ئودۇل يۇ-



رۇشكە ئامال بولماي، كەي-
نىگە قايتىشقا كۆڭلى قىي-
ماي، چارە - تەدبىرنىڭ يو-
قىدا بىر ئاز ئارام ئالغاچ
قورساق تويغۇزاي دەپ ئول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۇرۇپ خالتىسىغا قولىنى سالغان ئىكەن، قولىغا ھېلىقى پەرى قىز بەرگەن قىزىل پەي چىقىپتۇ. بوۋاي: «توختا، بېشىمغا بىرغەم چۈشتى، بىر كۆيدۈرۈپ باقمايمۇ؟» دەپ پەينى كۆيدۈرگەن ئىكەن، ئىسسىق بىر شامال چىقىپ، شۇ ھامان ئالدىدا ھېلىقى قۇش پەيدا بولۇپ:

— ئەسسالام بوۋا، باشلىرىغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپتۇ.

— قېلىن ئورمانلىق يولۇمنى توسىدى. يول تاپالماي، بېشىمنىڭ ئىچى - تېشى قاتتى. — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا مەشئەل ياساپ ئوت يېقىپ قۇيرۇقۇمغا باغلاپ قويسىلا، مەن يول باشلاي، — دەپتۇ قۇش.

بوۋاي مەشئەل ياساپ قۇشنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ ئوت يېقىپتۇ. قۇش چاقماق تېزلىكىدە ئورمانلىق ئۈستىدە ئۇچۇپتۇ، قۇيرۇقىدىكى ئوت دەرەخلەرگە تۇتىشىپ، تۇز كەتكەن ئوت دەريا ھاسىل بولۇپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە تۈپتۈز بىر يول ئېچىلىپتۇ.

بوۋاي يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، ماڭا - ماڭا قورقۇنچلۇق بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. تۆت ئەتراپتىن يولۋاس، شىر، يىلپىز، بۆرە، يىلان، چايان... لار چىققىلى باشلاپتۇ، بوۋاينىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ. قورقىنىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ، پۇت - قولىغا تىترەك ئولىشىپتۇ. ئۇ:



«ئەمدى بۇ يىرتقۇچلارغا يەم بولىدىغان بولدۇم، كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ قولىدىكى خالتىسى بىلەن يۈزىنى توسىغان ئىكەن، يۈزىگە پەي ئۇرۇلۇپتۇ. دەرھال پەينى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپتۇ. ئىسسىق شامال چىقىپ قۇش پەيدا بوپتۇ. بوۋاينى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇچۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر مۇز داۋاننىڭ باغرىدىكى خاتىرجەم جايغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ.

بوۋاي مۇز داۋانغا چىقىپ، ئانچە كۆپ يول يۈرمەيلا شىددەتلىك شىۋىرغان چىقىشقا باشلاپتۇ. بوۋاي بىر قەدەم ئالدىغا ماڭسا، نەچچە قەدەم كەينىگە سىيرىلىپ، ئاخىر كۆزىنى ئاچالماي، بىر تىك ياردىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. بەختىگە يارىشا تاغنىڭ بېلىدىكى بىر قېرى دەرەخنىڭ شېخىغا ئېلىنىپ قاپتۇ. بوۋاي «ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، بۇ تىك ياردىن قانداق چىققىلى بولسۇن» دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا قاراپتۇ. ئۇ دەرەخنىڭ كىچىك بىر شېخىغا ئېلىنىپ قالغان خالتىسىنى ۋە خالتىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغان پەينى كۆرۈپ قاپتۇ. بوۋاي مىڭ تەستە پەينى قولىغا ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ، يەنە ئىسسىق شامال غۇرۇلداپ، قۇش تىك يار ئىچىدە پەيدا بوپتۇ ـ دە، بوۋاينى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ تىك ياردىن چىقىرىپ قويۇپتۇ.



بوۋاي مۇز داۋاندىن ئېشىپ، تۆۋەنگە نەزەر سالغان ئىكەن. ئاجايىپ سېھىرلىك بىر ماكان كۆرۈنۈپتۇ. تاغلار چاقناپ، نۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چېچىپ تۇرغۇدەك. باغلاردا مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلاپ كېتىپتۇدەك. بىر - بىرىدىن چىرايلىق قۇشلار شوخ سايرىشىپ، شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرگۈدەك. بۇغا - مارال، كېيىكلەر ياپيېشىل چىمەنلىكتە بەھۇزۇر ئويناقلاپ يۈرگۈدەك. بوۋاي چىمەنلىك يولنى بويلاپ رەڭگارەڭ گۈللەرنى، گۈللەر ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنى تاماشا قىلىپ ئالغا يۈرۈپتۇ. بىر چاغدا ئۇدۇلغا قارىغۇدەك بولسا، مېھرىگىياھلار ھۆپپىدە ئۆسكەن بۇلاق بويىدا ھېلىقى پەرى قىز ئولتۇرغۇدەك. پەرى قىز بوۋاينى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— بوۋاي، جاپا چەكتىلە، ئىرادىلىرىگە قايىلمەن، — دەپتۇ.

— جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق، مەقسەتكە ئىرادە بولمىسا يەتكىلى بولماس، — دەپتۇ بوۋاي.

— قېنى بوۋا، خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىدىن ئۈچ ئوچۇم ئوتلىسىلا، — دەپتۇ پەرى قىز.

— كالپۇكلىرىم يېرىلىپ، ئىچىم قۇرۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن قانغۇچە ئىچسىلە دېمەي، ئۈچ ئوچۇم ئوتلىسىلا دەيسىز؟ — دەپتۇ بوۋاي.




— بۇ خاسىيەتلىك بۇلاق، بۇنىڭ سۈيىنى ئۈچ ئوچۇم ئوتلىسا كۇپايە، جىق

ئىچىۋەتسە بوۋاققا ئايلىنىپ قالىدىلا، — دەپتۇ پەرى قىز.

— پەرى قىز، ئېغىر كۆرمەي بۇلاق سۈيىنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— بولىدۇ، بۇ يەردىكى مېۋە - چېۋىلەر ۋە ئوت - ياشلارنىڭ شىرنىسى ھەر كۈنى بۇلاققا قوشۇلىدۇ. شۇڭا بۇلاق سۈيى ئاجايىپ قۇۋۋەتلىك. بۇلاق سۈيى ئادەمنى ياشارتىپلا قالماي، ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولالايدۇ، ساق كىشىلەر ئىچسە ئەسلا كېسەل بولمايدۇ. — دەپتۇ پەرى قىز.

بوۋاي پەرى قىزدىن ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ. بۇلاق سۈيىنى ئۈچ ئوچۇم ئوتلاپ، بۇلاق بويىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا تۇڭلىغاندەك بولۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، - دە، ئۆزىنى ئاجايىپ يەڭگىل ھېس قىلىپتۇ. ئېڭىكىنى سىلىسا ساقال - بۇرۇتلىرى يوقىمىش. بۇلاق سۈيىگە قاراپ ئۆزىنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، پەرى قىزغا قايتا - قايتا رەھمەتلەر ئوقۇپتۇ. پەرى قىز يىگىرمە ياشلاردىكى بېجىرىم يىگىتكە ئايلانغان بوۋايغا:



— ھەي يىگىت، مەن بىلەن مۇشۇ ماكاندا بىرگە ياشاشنى خالامسىز؟ — دەپتۇ. گەرچە پەرى قىز ئاي دېسە ئاغزى، كۈن دېسە كۆزى بار. جاھاندا تەڭدىشى يوق

گۈلپەرى بولسىمۇ، «بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دې-
گەندەك بوۋاينىڭ ئۇنى خوتۇنى سەئىدەگە، بۇ جەننەت كەبى ماكان-
نى ئۆزىنىڭ تاغ باغرىدىكى كاۋا بارىڭىغا تەڭ قىلغۇسى كەلمەپ-
تۇ. ئۇ پەرى قىزغا:

— ئەي، جاھاندا تەڭدىشى يوق گۈلپەرى، ئەرزىمەس بىر ياخشىلىقىم ئۈچۈن مېنى ئۇزۇن ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدىڭىز، سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ قېلىن ئورماندىن ئۆتۈشۈم، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سىزگە يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئەمما سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن. چۈنكى، ئۆز ما-
كانىمدا ئۆمۈرلۈكۈم سەئىدە يولۇمغا تەلمۈرۈپ قالغان، — دەپتۇ.

پەرى قىز بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك، ئالتۇندەك ساپ كۆڭۈل-
لۈك بوۋايغا قايىل بولۇپ، بىر قاپاق خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى ھۆرمەت بىلەن ئۇزىتىپ:

— بۇنى ئاشۇ ئۆمۈرلۈكىڭىزگە ئالغاچ بېرىڭ، ئۇمۇ ئۇچ يو-
تۇم ئوتلىسۇن، — دەپتۇ. بوۋاي خۇشال بولۇپ پەرى قىزغا يەنە كۆپ رەھمەتلەرنى ئوقۇپتۇ. بىر قاپاق خاسىيەتلىك سۇنى ئېلىپ ئۆز ماكانىغا قاراپ يول ئاپ-
تۇ.



بوۋاي تاغدىن چۈشۈپ ئۆيىگە يېقىنلاشقاندا، بىر باغلام ئوتۇن كەسلەپ، مو-
رىسىگە ئارتىپ، ناخشىنى

چاڭ كەلتۈرۈپ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. موماي قارىسا بىر ياش يى-
گىت ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقۇدەك. ھەيران بولغان موماي:

— ھەي يىگىت، سەن كىم بولىسەن؟ كىمنى ئىزدەپ كەل-
دىڭ! — دەپتۇ. بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن سەلەيجان، — دەپتۇ.

موماي ئىشەنمەي، «سەلەينىڭ ئوڭ قولىقى تۇۋىدە بىر خالى
بار ئىدى، شۇ خالى بارمۇ - يوق» دەپ سەپسېلىپتۇ. قارىسا خا-
لىمۇ بار ئىكەن. موماي، سەلەي بىلەن ئۆيدىن خوشلىشىش ئال-
دىدا دېيىشكەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئېلىپ سەلەيگە ئىشىنىپتۇ،
بۇ ياشىرىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. مومايمۇ «خاسىيەتلىك بۇلاق
سۈيىنى ئىچىپ تېررەك ياش قىز بولۇپ ساڭا جۈپ بولاي» دەپ
قاپاقنى سەلەيدىن ئېلىۋاپتۇ. سەلەي ئۈچ يۇتۇمدىن ئوشۇق ئىچى-
مەسلىكنى ئېيتىپتۇ. موماي قاپاقتىكى سۇدىن ئۈچ يۇتۇم ئوتلاپ-
تۇ ۋە ئېزىلىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

سەھەردە توخۇنىڭ چىللىشىدىن ئويغانغان سەئىدە ئۆزىنى
ناھايىتى يەڭگىل ھېس قىلىپتۇ. يۈزلىرىنى سىلاپ، ئۆمۈچۈك-
نىڭ توردەك تارتىلغان قورۇقلارنىڭ يوقالغانلىقىنى، مۇكچەيگەن
بەللىرىنىڭ نازۇك بەلگە
ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، يۈ-
رىكىنىڭ ئەركىن سوقۇپ،
ئۆپكىسىنىڭ ساپ ھاۋادىن
بەھۇزۇر نەپەسلىنىۋاتقانلى-
قىنى ھېس قىلغان سەئىدە



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاشقىرىغا چىقىپ، چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئوينىپتۇ، بەستىلىك يىگىتى سەلەينى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ئۆزىنى سەلەينىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ. سەلەي بىلەن سەئىدە بىر - بىرىگە تويۇشماي، ئېتىز - ئېرىق، قىرلاردا مۇھەببەتلىك سۆزلىرىنى ئىزهار قىلىشىپ، ئۆتكەن هاياتىنى ئەسلەپ، بۇندىن كېيىنكى يېڭى هاياتى ئۈستىدە قىزغىن مۇڭدىشىپ، يېڭىچە بىر هايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ۋەقەسىنى ئاڭلىغان يىراق - يېقىندىكى قولۇم - قوشنا، ئەل - ئاغىنىلىرى تۈشمۇ تۈشتىن كېلىپ ئۇلارنى تەبرىكلەپتۇ. ئاغرىقلار خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىگە ئېغىز تېگىشىپ، ساقىيىپ، سەلەيدىن كۆپ مىننەتدار بولۇشۇپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ۋەقە ناهايىتى تېز لا ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا، بۇ تۈشۈكتىن ئۇ تۈشۈككە، بۇ ماكاندىن ئۇ ماكانغا تارىلىپتۇ. «خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىگە ئېغىز تەگكەن ئادەم ئاغرىماس، ئۆلەر هالدا ياتقان ئادەم بىر تامچىدا شىپا تېپىپ هاياتىدىن ئايرىلماس، ئۈچ ئوتلام ئىچكەن قېرىلار شىپا تېپىپ هاياتىدىن ئايرىلماس، ئۈچ ئوتلام ئىچكەن قېرىلار ياش يىگىت بولۇپ قېرىماس...» دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپتۇ.

خاسىيەتلىك بۇلاقتىن،
ياشلىق كېلەر، يارىمەي.
سەلەي بىلەن سەئىدە،
خەندان كۈلەر، يارىمەي.

دېگەندەك ناخشا - قوشاقلار توقۇلۇپ، ئەر - ئايال، ياش قې-


رىلارنىڭ تىللىرىدا داستان بولۇپتۇ.

سەلەي بىلەن سەئىدەنىڭ يېڭىچە ھاياتىدىن خەۋەر تاپقان
ئىچى قۇتۇر مىڭبېشى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆلتۇرالماي قاپتۇ.
ئۇ يوق بەتنامىدىن بىرنى توقۇپ، سەلەينى ۋە خاسىيەتلىك بۇلاق
سۈيىنى دەرھال ئۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئاتارمەن - چاپارمەنلەر-
نى بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتارمەن-چاپارمەنلەر سەلەينىڭ
پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي، بىر قاپاق خاسىيەتلىك بۇلاق
سۈيى بىلەن مىڭبېشىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. مىڭبېشى ئۆزىدىن
بىر ھەسسە چوڭ ياشتىكى سەلەينىڭ ياپياش بىر يىگىت بولۇپ
قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي، يەردە تۇر-
غان قاپاقنى قولىغا ئېلىپ:

— خوش سەلەيجان، سەن راستىنلا مۇشۇ قاپاقتىكى سۇدىن
ئىچىپ ياشىرىپ كەتكەنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، باي ئاكا، بۇ ئاق بۇلاقنىڭ، كۆك بۇلاقنىڭ سۇ-
يى ئەمەس. خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سە-
لەي.

— بىلىمەن، بىلىمەن، — دەپتۇ مىڭبېشى ئۆزىچە كۆرەڭ-



لەپ، — مانا بۇ قاپاقتىكى
سۇ — ئابى ھايات. زەمزەم
سۈيى بولسا كېرەك. ھە سە-
لەي، ئەل ئاغزىدا: «قولۇڭ-
دىن كەلسە، ئەلدىن ئايىما»
دىگەن ھېكمەتلىك سۆز بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ خاسىيەتلىك زەمزەم سۈيىگە پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ئېغىز تەگ-كۈزەي. ئۇلار بەختىڭلارنىڭ كۆلۈشىگە، بايلىقىڭلارنىڭ كۆپىيى-شىگە، سەئىدە بىلەن ئىككىڭلارنىڭ پاقلاندەك بىر بالا كۆرۈ-شۈڭلار ئۈچۈن تىلەك تىلەپ قويسۇن، قانداق دەيسەن؟

— باي ئاكا، ئەگەر دېگەنلىرىدەك بولسا مەيلى، خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى يۇرت خەلقىمىزگە ئىلتىپات قىلدىم. — دەپتۇ سەلەي.

مىڭبېشى خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيىنى بۇنداق ئوڭايلا قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولۇپ كې-تىپ:

— ئەتە پۈتۈن يۇرت خەلقى ساراي ئالدىغا يىغىلسۇن، خاسى-يەتلىك بۇلاق سۈيىگە ئېغىز تەگكۈزۈش مۇراسىمى بولىدۇ، ئەل-يۇرت شادلانسۇن، پەرمان چىقىرىڭلار! — دەپتۇ.

مىڭبېشى سەلەينى يولغا سېلىۋېتىپ، بىر قاپاق خاسىيەت-لىك بۇلاق سۈيىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، بۇ ئىشتىن خوتۇنىنى خە-ۋەرلەندۈرۈپتۇ. خوتۇنى مىڭبېشىنى:

— هەي كالۋا! قاپاقتەك كاللاڭدا تېرىقچىلىق ئەقلىڭ يوق-مۇ؟ بۇنداق ياخشى ئامەتنى قولدىن چىقىرىپ قويامسەن؟ ئۆزد-مىزلا ئىچىۋالساق بولمامتى؟ هەي دۆت، ساراڭ! — دەپ ئاغزى بېسىلماي تىللاپتۇ.

مىڭبېشى ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويغىنىغا گويا زەهەر يۇ-تۇۋالغاندەك پۇشايمان قىپتۇ.

— هېلىمۇ كېچىكمەيمىز، — دەپتۇ خوتۇنى مىڭبېشىنىڭ

قولىدىن قاپاقنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇ قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىمپ ئىچ-مەكچى بوپتۇ. مىڭبېشى: ئۇ ئىچىۋېلىپ، ياشىرىپ ئاشنا تاپماق-چى، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ھاسىسى بىلەن خوتۇنىنى ئۇرۇپ ھوش-سىزلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. قاپاقنى ئۆزى كۆتۈرۈپ سۈيىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ.

ئۇ: «خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ سۈيىنى قانچە جىق ئىچسە شۇن-چە ياشىرىپ، تېتىكلىشىدۇ. ياخشى ئاش ئېشىپ قالغىچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەپ، قاپاقنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئېزىلىپ كەتكەن شاپتۇلدەك بولۇپ، كۆزلىرى پۇرلىشىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى جامائەت مىڭبېشىنىڭ سارىيى ئالدىغا توپلىشىپتۇ. يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە مىڭبېشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سارايغا كىرىپ مىڭبېشىنى كۈتۈپتۇ. كۈن چۈش بولغىچە مىڭبېشىدىن دېرەك يوقمىش. مىڭبېشىنىڭ بىر ئوغلى «مەن كىرىپ چىقاي» دەپ دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرسە، كارىۋاتتا بىر بوۋاق «ئىڭە - ئىڭە» دەپ يىغلاپ ياتقۇدەك. ئاپىسى يەردە ھوشسىز ياتقۇدەك. بۇ-نى كۆرگەن مىڭبېشىنىڭ ئوغلى سارايغا چىقىپ كۆرگەن ئەھۋال-نى سارايدىكىلەرگە مەلۇم قىلىپتۇ. مۆتىۋەرلەر ۋە مىڭبېشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھۇجرىغا كىرىپ قارىسا، دېگەندەك، كا-رىۋاتتا بىر بوۋاق ئىڭەلەپ ياتقۇدەكمىش. خان ئاچا بولسا ھوش-سىز يەردە ياتقۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر بىر - بىرىگە قاراپ ھەيران بوپتۇ.

مىڭبېشىنىڭ بىر بالىسى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار . ئاپام تۇغۇپتۇ. ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. ئاپامنى ھوشىغا كەلتۈرەيلى، — دەپتۇ.

بىر ھازادىن كېيىن مىڭبېشىنىڭ خوتۇنى ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ كارىۋاتتا ئىڭەلەپ ياتقان بوۋاقنى كۆرۈپ:

— ۋاي ئاللا، توۋا، كۆردۇڭلارمۇ بالىلىرىم داداڭلارنى، — دەپ يىغلاپتۇ، — مانا بۇ ئاچ كۆزلۈكنىڭ جاجىسى!

مىڭبېشىنىڭ بالىلىرى بوۋاقما ئايلىنىپ قالغان دادىسىغا قاراپ:

— ئەمدى سىزنى دادا دەيمىزمۇ، ئۇكا دەيمىزمۇ؟ — دەپ باشلىرىنى قاشلاپ ھۆكرەپ يىغلىشىپتۇ.

سەلەي بىلەن سەئىدە ۋە پۈتۈن ئەل - جامائەت مىڭبېشىنىڭ ئاچ كۆزلۈك قىلىپ بوۋاقما ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىشىپ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. مىڭبېشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇ كۆڭۈل ئازابىغا چىدىماي، مىڭبېشىنى بىر كېچىدە بوغۇپ ئۇ-جۇقتۇرۇۋېتىپ، يۇرتنى تاشلاپ يىراقلارغا كېتىپتۇ.

يۇرت خەلقى شۇندىن ئېتىبارەن قىزىلكۆز مىڭبېشىدىن قۇ-تۇلۇپ، بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئەل ئارىسىدا خاسىيەتلىك بۇلاقنى تەرىپلەپ مۇنداق قوشاق تارقىلىپتۇ.

خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ،
سۇلىرىنى ئىچسەك بىز.
قالتىس ئامەت كەلمەسمۇ،
ياشلىق چاغقا كۆچسەك بىز.

بىلقۇتجان بىلەن مۆھتەرەم بوۋاي بۇ قىزىق چۆچەك ئا-خىرلاشقاندىن كېيىن بىر ھازا كۈلۈشتى.

— ئەي جېنىم بالام! — دېدى مۆھتەرەم بوۋاي چۆچەكنى كەڭرەك چۈشەندۈرۈپ، — خاسىيەتلىك بۇلاق نېمىشقا سەلەي بوۋايغا نېسىپ بولۇپ، بوۋاي - موماينىڭ ياشىرىشى، ئەل - يۇرتنىڭ ئامانلىقىغا سەۋەب بولدى؟ چۈنكى، سەلەي بوۋاي ئىنتا-يىن ئاق كۆڭۈل، چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان، پۈتۈن ھاياتىنى پاكلىق، ھالاللىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇڭا ئۇنىڭ تىلەكلىرى ئەجابەت بولۇپ ئاخىر تىلىكىگە يەتتى. دېمەك، ئادەم ئاق كۆڭۈل بولغاندىلا ئاخىر بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېتە-لەيدۇ، مۇراد - مەقسىتىمۇ ھاسىل بولىدۇ.

بىلقۇتجان بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بوۋا، مەن ئەمدى چۈشەندىم، ھەرقانداق يەردە ئاق كۆڭۈل بولغاندىلا، بەخت - سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىكەن! — دېدى.

مۆھتەرەم بوۋاي ئاق كۆڭۈللۈك، سەممىيلىك ھەققىدىكى چۆچەكلىرىنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇردى. بىلقۇتجان بوۋىسىدىن ئەتە يەنە نۇرغۇن چۆچەك سۆزلەپ بېرىشكە ۋەدە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى.

كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كىتاب ئىسمى: بىلقۇت باللار چۆچەكلىرى
تۈزگۈچى: بىلقۇت شىركىتى
مەسئۇل مۇھەررىرى: گۇلباھار، يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
لايىھىلىگۈچى: ئەنۋەر تۇرسۇن، ئىلشات (خەتتات)، ئىلىيار (رەسسام) مەخمۇتجان (رەسسام)
نەشرىيات: شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسما زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2010 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 900511 - 10 - 2
باھاسى: 240 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)

www.uyghurkitap.com

教与学 تەلىم-تەربىيە ئۈچۈن



# خاسىيەتلىك بۇلاق

# 神泉

## Hasiyatlik bulaq

01. ئادىل پادىشاھ
02. گۈزەللىك بۇلىقى
03. ئەقىل ۋە مىراس
04. گۈل چامغۇرۋاي
05. ئىككى خورۇز
06. مەلىكە بەرنا
07. مونۇكباي
08. ئۈچ ئوغۇل
09. ئۇر توقماق
10. ۋاپادار ئاكا
11. خېمىر باتۇر
12. خۇرشىد مەرگەن
13. قارا چاچلىق قىز
14. قوڭغۇز ئاغىچا
15. ياغاچ ئات
16. يېرىل تېشىم
17. ھۈنەرنىڭ ھېكمىتى
18. پاتىمە بىلەن زۆھرە
19. خاسىيەتلىك بۇلاق
20. ۋىجدانلىق يىگىت
21. تۆردى ماقۇلنىڭ قىزلىرى
22. يامان تەربىيەنىڭ ئاقىۋىتى
23. خاسىيەتلىك گۈل
24. بۇلۇڭكەننى بۆرە يەر
25. ھېكمەتلىك ساندۇق
26. ئېيىقچاقنىڭ مېھمان چاقىرىشى
27. شاھزادە بىلەن بېلىق
28. قىز كىمگە تەئەللۇق
29. ياخشىلىق يەردە قالماس
30. ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ

新疆碧利库特公司开发 شىنجاڭ بىلقۇت شىركىتىدە تۈزۈلدى

ISBN 978-7-900511-10-2

9 787900 511102

باھاسى: 240.00 يۈەن (جەمئىي 30 تۈر، يەككە باھاسى 8.00 يۈەن)
价格：240.00 元（共 30 种类，单价 8.00 元）